


5 يىللىق باشلانغۇچ مەكتەپلەر ئۈچۈن دەرسلىك

# ئەدەبىيات


5 - قىسىم

(3 - يىللىقلار ئۈچۈن)

شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى



ئۈزۈمدىن مول - ھوسۇل.



ئالۇچا
شاپتۇل
ئۈزۈم
ئالما
ئۆرۈك
قوغۇن
ئانار
گىلاس
ياڭاق
تاۋۇز
نەشپۈت

## نەشرىياتتىن

قولىڭىزلاردىكى بۇ باشلانغۇچ مەكتەپ 3 - يىللىق 1 - مەۋسۇم (5 - قىسىم) ئەدەبىيات دەرسلىكى 1981 - يىلى تۇنجى قېتىم نەشر قىلىنغان ئىدى. ئۇ چاغدا بۇ دەرسلىكنى تۈزۈشكە يولداش قېيۇم مۇتەللىپ، ئايشەم پەيزۇللالار قاتناشقان، تەھرىرلىكىنى يولداش تۇرسۇن مەخسۇت ئىشلىگەن ئىدى.

بۇ قېتىم كەڭ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ پىكىر - تەكلىپلىرىگە ئاساسەن، بۇ دەرسلىككە مۇۋاپىق ھالدا تۈزىتىش كىرگۈزۈپ ۋە دەرسلىك مەزمۇنىنى تولۇقلاپ قايتا نەشر قىلدۇق. بۇ قېتىمقى تۈزىتىپ، تولۇقلاپ نەشرگە تەييارلاش خىزمىتىگە يولداش ئابلەت قاسىم، مەريەم ئابدىراخمان، ئايشەم پەيزۇللالار قاتناشتى.

1984 - يىل 6 - ئاي

# مۇندەرىجە


1. ئوقۇش باشلاندى.................. 1
2. يۈرۈڭلار دوستلار مەكتەپكە...... 4
3. دەرس ئارىلىقىدىكى 10 مىنۇت... 7
*4. ئۆمەرنىڭ دوستلۇغى .............. 11
5. ۋاقىت................................ 16
6. كەكلىكلەر .......................... 18
7. باغۋەنچىلىك........................ 26
8. بەختىيار ۋە ئالما كۆچىتى ........ 31
Δ9. كۆز پەسلى ........................ 37
10. يامغۇر.............................. 40
11. كىچىك ئالاقىچى.................... 43
Δ12. ئەكبەر............................ 49
13. ئانا................................ 53
*14. زۇمرەت ۋە قىممەت ............. 55
15. ئورنىنى كىم كولىسا، ئۆزى چۈشەر.............................. 67
16. خاسىيەتلىك قار.................... 73

17*. قار ........................................ 77
18. شىۋىرغاندا ........................................ 79
19. چوڭ قارلىق تاغ ........................................ 85
20. لوشىڭجىياۋ ........................................ 91
21*. دەپتەرلەرنىڭ سۆھبىتى ........................................ 95
22. گۈل بەرگىدەك ........................................ 99
23. لېنىن ماقالىنى قانداق يازاتتى ... 101
24. شامال چاقپەلىگى ياساش ھەققىدە
ھىكايە ........................................ 105
25. لى شىجىن ........................................ 110
سۆز قالدۇرۇش خېتى ........................................ 115
26△. يۇتكەن پالتا ........................................ 117
27. نەسرىدىن ئەپەندى لەتىپىلىرى: 119
كۆزۈڭ ئاغرىسا، قولۇڭنى تارت ... 119
تىرناق ياردىسى ........................................ 120
28. گۈلبەختەم ........................................ 122
29. نەشپۈت يېيىش ........................................ 124
30*. سالامىنىڭ سەۋدىۋى ........................................ 127


* بەلگىسى قويۇلغانلار ئوقۇش تېكىستلىرى

△ بەلگىسى قويۇلغانلار مۇستەقىل ئوقۇش تېكىستلىرى

# 1. ئوقۇش باشلاندى

بۈگۈن بىرىنچى سېنتەبىر. ھاۋا ئوچۇق. ئاسمان كۆپ - كۆك ۋە سۈزۈك. كوچىلار بايراملىق كىيىملىرىنى كىيىشىپ، خوشال - خوراملىق بىلەن توپ - توپ بولۇپ، مەكتەپكە كېتىۋاتقان بالىلار بىلەن جانلىنىپ كەتكەن ئىدى.

كۈلۈپ چىققان كۈن مەكتەپكە يورۇق ۋە ئىللىق نۇرىنى سەپمەكتە.

مەكتەپ دەرۋازىسىنى كەڭ ئېچىپ قويۇپ، ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك بالىلىرىنى كۈتۈۋالماقتا.

ئەنە، مەكتەپكە رەتلىك ۋە پاكىز كىيىنگەن بالىلار كىتاپ، دەپتەرلەر لىق قاچىلانغان بوخچىلىرىنى ئېسىشىپ كىرىپ كەلمەكتە. ئۇلار خۇددى يېقىن تۇققان - قېرىنداشلاردەك بىر - بىرى بىلەن قول ئېلىشىپ ۋە قۇچاقلىشىپ كۆرۈشمەكتە.

بالىلار ئۆزلىرىنىڭ قەدىردان مۇئەللىمە-
لىرىنى سېغىنىشتى، ئۇلار مۇئەللىملىرىنى
تولىمۇ ياخشى كۆرىدۇ ۋە ھۆرمەت قىلىدۇ.

ئەمدىلا 3 - سىنىپقا كۆچكەن ئوقۇغۇ-
چى جۇرئەت مەكتەپ دەرۋازىسىدىن كى-
رىپلا ئوقۇتقۇچىسى مېھرىگۈلنى كۆردى-دە،
ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ سالام بەردى.
بالىلار كەينى-كەينىدىن يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ،
سىنىپ تەربىيىچىسىنى ئورىۋېلىشتى. باشقا
ئوقۇغۇچىلارمۇ مەكتەپ مەيدانىدا ئوقۇتقۇ-
چىلار بىلەن كۆرۈشۈپ قىزغىن سۆزلەشتى.

بالىلار ئۆزلىرى ئۆستۈرگەن گۈللۈك
ۋە دەرەخلىكلىرىنى تاماشا قىلىشتى. بەزىلى-
رى سىنىپلىرىنى، مەكتەپ كارىدورلىرىنى،
ھويلا - ئاراملارنى سۈپۈرۈپ تازىلىدى.
بەزىلىرى توپ - توپ بولۇۋېلىپ، تەتىلدە
بارغان جايلىرى ۋە كۆرگەن كىنو - تىيا-
تىرلىرى توغرىلىق قىزغىن پاراڭلاشتى.

دەرسكە كىرىش قوڭغۇرىقى چېلىندى.

ئوقۇغۇچىلار ھەرقايسىسى ئۆز سىنىپ-
لىرىغا قاراپ رەتلىك تىزىلىشىپ كىرىپ
كېتىشتى. بىر دەمنىڭ ئىچىدىلا مەكتەپ ئى-

چى جىمجىت بولۇپ قالدى.

كۆنۈكمە:

1. تېكىستنى توغرا، راۋان ئوقۇشنى مەشق قىلىڭلار.

2. ئوقۇش باشلىنىشى بىلەن كوچىلار ۋە مەكتەپ ئىچىدە قانداق جانلىنىش بارلىققا كەلدى؟

3. تېكىستتىن تەسۋىرىي جۈملىلەرنى تېپىپ ئوقۇڭلار.

4. «بىر دەمنىڭ ئىچىدىلا مەكتەپ ئىچى جىمجىت بولۇپ قالدى» دېگەن جۈملە قانداق مەنىنى ئىپادىلەيدۇ؟

5. يازلىق تەتىلدە سىلەر قەيەرلەردە بولدۇڭلار ۋە نېمە ئىشلارنى قىلدىڭلار؟ ئاۋال سۆزلەڭلار، ئۇنىڭدىن كېيىن سۆزلىگەنلىرىڭلار ئاساسىدا يېزىپ چىقىڭلار.

## 2. يۇرۇڭلار دوستلار مەكتەپكە

ۋەتىنىمىز گۈزەل باغ،
بىز شۇ باغنىڭ مىۋىسى.
ئۇلۇغ ئانا ۋەتىنىمىنىڭ،
كېلىچىگى، ئىگىسى.

قېنى دوستلار يۈرۈڭلار،
شۇ گۈزەل باغ مەكتەپكە.
ئىلىم - بىلىم كانىدا،
دىللار تولسۇن ھېكمەتكە.

ئەلا ئوقۇپ، تىرىشىپ،
بىللە ئالغا باسايلى.
داۋاننى بىلىمىنىڭ،
غەيرەت بىلەن ئاشايلى.

قېنى دوستلار يۈرۈڭلار،
شۇ گۈزەل باغ مەكتەپكە.

ئىلىم - بىلىم كانىدا،
دىللار تولسۇن ھېكمەتكە.

پەن - بىلىمدىن ۋەتەنگە،
مىۋە بېرىش ئەھدىمىز.
يېڭىلىقلار ئىچىدە،
نۇرغا تولسۇن بەختىمىز.



قېنى دوستلار يۇرۇڭلار،
شۇ گۈزەل باغ مەكتەپكە.
ئىلىم - بىلىم كانىدا،
دىللار تولسۇن ھېكمەتكە.

**كۆنۈكمە:**

1. شېئىرنى دېكلاماتسىيە قىلىپ ئوقۇشنى مەشق قىلىڭلار.

2. ئاپتور بۇ شېئىردا ئوقۇغۇچىلارنى نىمىگە دەۋەت قىلغان؟ سۆزلەپ بېرىڭلار.

3. شېئىردا مەكتەپ ۋە ئوقۇغۇچىلار نىمىگە ئوخشىتىلغان؟

4. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىڭلار ۋە ئاستى سىزىلغان سۆزلەرگە جۈملە تۈزۈڭلار.

كىلىچەك، بىلىم كانى، ھىكمەت، ئەھدىمىز، بەخت، ۋەتەن، بىلىم


5. شېئىرنى يادلىۋېلىڭلار ۋە شېئىرنىڭ 2-، 3-، 5- كۇپلېتلىرىنى يادقا يېزىڭلار.

# 3. دەرس ئارىلىغىدىكى 10 مىنۇت

دەرستىن چۈشۈش قوڭغۇرىغى چېلىن-
دى. ئوقۇغۇچىلار سىنىپلاردىن چىقىپ تەن-
تەربىيە مەيدانىغا يۈگۈرۈشتى. بىر دەمنىڭ
ئىچىدە مەيدان جانلىنىپ كەتتى. ھەر كىم
ئۆزى خالىغان ئويۇنلارنى ئويناماقتا ئىدى.

مەكتەپ ھويلىسىنىڭ شەرقىي تېمى يې-
نىدا بىر تىكتاك توپ تاختىسى بار ئىدى.
ئۇنىڭ ئەتراپىنى ئورىۋالغان باللار توپې-
دىن پات - پات بارىكاللا ۋە خوشال كۈل-
كە ئاۋازى ياڭراپ تۇراتتى. تىكتاك توپ
ئويناۋاتقان كىچىك ئەزىمەتلەر نىمە دىگەن
ماھىر - ھە! يېڭىش - يېڭىلىشنى بىر نو
مۇر ھەل قىلىسمۇ، ئۇلار ئويىنىغاندا شۇنداق
تىركىشەتتىكى، ھەتتا توپ 10 قېتىملاپ ئۇ
ياقتىن - بۇ ياققا ئۆتۈپ تۇرسىمۇ، ھەر ئىك-
كى تەرەپ نومۇر ئالالمايتتى.

تىكتاك توپ تاختىسىنىڭ ئوڭ يېنىدىكى



يوغان دەرەخ ئاستىدىمۇ نۇرغۇن بالىلار چۆرىدىشىپ تۇراتتى.

بەزى بالىلار دەرەخكە ئېسىلغان خادىلارغا يامىشىۋاتاتتى. بىر چوڭراق بالا خادىدىن سىيرىلىپ چۈشۈشىگە، كىچىككىنە بىرى بىر ئىرغىپلا خادىنى چىڭ تۇتۇپ خۇددى كىچىك مايمۇندەك ئەپچىللىك بىلەن يامىشىپ، تېزلىك بىلەن يۇقۇرى ئۆرلەشكە باشلىدى. ئۇ بىر دەمنىڭ ئىچىدىلا خادىنىڭ ئۇچىغا چىقتى - دە، ئىنتايىن خوشاللىق بىلەن تۆۋەنگە كۆلۈپ قارىدى.

قوم خالتا ئويۇنى باللارنىڭ تولىمۇ
ياقتۇرىدىغان ئويۇنلىرىنىڭ بىرى. باللار
مەيداننىڭ غەربىي تەرىپىدىكى تام تۈۋىدە
گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ غەيرەت بىلەن ئوي-
ناشقا باشلىدى. قارىمۇ - قارشى تۇرغان
ئىككى توپ باللار ئوتتۇرىدا تۇرغان بال-
غا قوم خالتا بىلەن شىددەتلىك ھۇجۇم قى-
لاتتى. ئوتتۇرىدىكى بالا پۈتۈن دىققىتى
بىلەن قوم خالتىنىڭ ئۇچۇپ كېلىدىغان تە-
رىپىگە قاراپ كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇراتتى.
قوم خالتا ئېتىلغان ھامان ئۇ ئۆزىنى قا-
چۇراتتى ياكى ئىگىز - پەس سەكرەيتتى.
قوم خالتا تېز سۈرئەتتە كەلسە، ئۇ ئەپچىل
ھەركەت بىلەن سەكرەپ ئۇنى ئۆتكۈزۈۋې-
تەتتى. قوم خالتا ئارقا تەرەپتىن كەلسە ئۇ
چاققانلىق بىلەن بۇرۇلۇپ، كاپ قىلىپ تۇ-
تۇۋالاتتى. ئۇ غەلىبە قىلغاندا، قەلبى ياي-
راپ خۇشاللىقتىن سەكرەپ كېتەتتى.

دەرس ئارىلىقىدىكى پائالىيەتلەر ھە-
قىقەتەن مەزمۇنلۇق ۋە خىلمۇ - خىل بول-
غاچقا، مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىدا يەنە بەزىلەر
رېزىنكە ئاتلىغۇچ ئوينىسا، بەزىلەر ئاغامچا

سەكرەۋاتاتتى، بەزىلەر تەپكۈچ تېپىشىۋاتاتتى.
1 - يىللىقتىكى كىچىك ساۋاقداشلارنىڭ مۇ-
ئەللىمىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئوينىغان «سانىنىڭ
چۈجە ئېلىشى» دېگەن ئويۇنى تولىمۇ قىزىد-
قارلىق ئىدى.

كۆنۈكمە:

1. تېكىستتە ئاساسەن 3 خىل پائالىيەت يېزىلغان بو-
لۇپ، بىرىدىن بىرى كونكرېت يېزىلغان. سىلەر تېكىستنىڭ
3 - ۋە 4 - ئابزاسلىرىنى ئىچىڭلاردا ئوقۇپ، ئاپتورنىڭ
خادىغا يامىشىش بىلەن قۇم خالتا ئويۇنىنى قانداق كونكرېت
يازغانلىقىغا دىققەت قىلىڭلار.

2. دەرس تېكىستىنى ئىچىڭلاردا ئوقۇڭلار.

3. تېكىستتە 10 مىنۇتلۇق دەم ئېلىش مەزگىلىدىكى
پائالىيەتلەر قانداق تەرتىپتە بايان قىلىنغان؟ سۆزلەپ
بېرىڭلار.

4. تېكىستنىڭ يېزىلىش ئۇسۇلىنى ئۆگىنىپ، شۇ ئۇ-
سۇل بىلەن «تەنتەربىيە يىغىنى» دېگەن تېمىدا مەكتىۋىڭ-
لاردا بولۇپ ئۆتكەن تەنتەربىيە يىغىنىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى-
نى قىسقىچە يېزىپ چىقىڭلار.

# *4. ئۆمەرنىڭ دوستلۇقى

ئۆمەر بىلەن پولات يېقىن دوستلاردىن ئىدى. ئۇلار بىر سىنىپتا ئوقۇيتتى، دائىم بىللە دەرس تەييارلايتتى ۋە بىللە ئوينايتتى.

بىر كۈنى ئۆمەر دوستى پولاتنىڭ ئۆيىگە دەرس تەييارلاش ئۈچۈن باردى. ئۇ دوستىنىڭ پۇتىنى ئۇۋۇلاپ، ۋاي - ۋايلاپ ئولتۇرغىنىنى، بىر پۇتىنىڭ ئاق لاتا بىلەن تېڭىپ قويۇلغانلىقىنى كۆردى.

ئۆمەر ھەيران بولۇپ، ئۇنىڭدىن نېمە بولغانلىقىنى سورىدى.

پولاتنىڭ ئاپىسى:

— قاردىمامسەن بالام، بۇنىڭغا بىر كېلىشمەسلىك كېلىپ، پۇتىنى قايرىۋاپتۇ، شور پاختا قىلىپ تېڭىپ قويدۇم، — دېدى.

ئۆمەر دوستىغا ئېچىنىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇزاق بىللە ئولتۇردى. ئۇ دوستىنىڭ دەك-

تەپكە بارالمايدىغانلىغىنى ئويلاپ تىت ـ تىت بولدى.

پولاتمۇ پۇتىنىڭ ئاغرىۋاتقىنىغا قارىماي، مەكتەپكە بارالماي ساۋاقداشلىرىدىن كېيىن قالىدىغانلىغىنى ئويلاپ، ھەسرەت چەكمەكتە ئىدى. ئۇلار ئىككىسىلا چوڭقۇر ئويغا چۆمۈپ، جىم ئولتۇرۇشۇپ قالدى. بىر ھازادىن كېيىن ئۆمەر جانلىنىپ دوستىنىڭ قولىنى تۇتۇپ:

— پولات، ئەتە مەن سېنى مەكتەپكە ئېلىپ بارىمەن، — دېدى. ئۇنىڭ ھاياجانلانغانلىغى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

پولات ھەيران بولۇپ:

— قانداق ئېلىپ بارىسەن؟ — دېدى.

سېنى يۈدۈپ ئېلىپ بارىمەن، — دېدى قەتئىيلىك بىلەن ئۆمەر.

تەسىرلەنگەن ھالدا دوستى ئۆمەردىن كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ تۇرغان پولات نىمە دېيىشىنى بىلمەي قالدى ... ئۇنىڭ قاپقارا، دۈپ ـ دۈگىلەك كۆزلىرىدە دوستلۇق مېھرى چاقنايتتى.

ئەتىسى ئۆمەر پولاتنى يۈدۈپ كوچىغا



چىقتى. پولاتنىڭ ئانىسى ئۇلارنى خېلى يەر-
گىچە ئەگىشىپ كەلدى. مەكتەپكە ماڭغان
بالىلار ئۆمەر بىلەن پولاتنى ئورىۋېلىشتى.
بالىلار پولاتنىڭ ئەھۋالىنى، ئۆمەرنىڭ دوس-
تىنى يۈدۈۋالغانلىغىنىڭ سەۋەبىنى بىلىپ،
ئۆمەرنى ماختاشتى. ئۇلار ئولاش - چولاش
بولۇپ، پولاتنى دەممۇ - دەم كۆتىرىشىپ
مەكتەپكە ئېلىپ باردى. شۇ كۈندىن باشلاپ
ئۆمەر بىر ھەپتىگىچە دوستى پولاتنى يۈ-

دۆپ مەكتەپكە ئاپىرىپ ـ ئەكىلىپ يۈردى.

خەلق ماقاللىرى:

بىر ياخشىلىق ئۇنتۇلماس، بىر ياماننلىق (ئۇنتۇلماس).

دوستىنىڭ دوستلۇغى بېشىڭغا كۈن چۈشكەندە بىلىنەر.

دوستقا مۇھەببەت،
دۈشمەنگە نەپرەت.

كۆنۈكمە:

1. تېكىستنى ئۈنلۈك، راۋان ئوقۇشنى مەشق قىلىڭلار.

2. ئۆمەر دوستىغا قانداق ياردەم بەردى؟ تەپسىلى سوزلەپ بېرىڭلار.

3. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار ھەمدە ئۇلارنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىڭلار.

1) ئۆمەر دوستىنىڭ مەكتەپكە بارالمايدىغانلىغىنى ئويلاپ تىت ـ تىت بولدى.

2) پولاتمۇ مەكتەپكە بارالماي ساۋاقداشلىرىدىن كېيىن قالىدىغانلىغىنى ئويلاپ ھەسرەت چەكمەكتە ئىدى.

3) پولاتنىڭ قاپ ـ قارا، دۆپ ـ دۈگلەك كۆزلىرىدىن دوستلۇق مېھرى چاقنايتتى.

4. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنىڭ قايسىسى باشتا، قايسىسى

ئوتتۇرىدا، قايسىسى ئاخىرىدا كەلسە توغرا بولىدۇ؟ رەتلەپ يېزىڭلار.

1) دوستى ئۆمەر ئۇنى يوقلاپ كەلدى.

2) ئۆمەر دوستىغا ئېچىنىپ، ئۇنىڭ بى-لەن ئۇزاق بىللە ئولتۇردى.

3) پولات دىققەتسىزلىكتىن پۇتىنى رىۋېلىپ، مەكتەپكە بارالمىغان ئىدى.

## 5. ۋاقىت

«ۋاقىت دىگەن ئاتقان ئوق»
ئۇ يانمايدۇ كەينىگە.
ۋاقىت بىلەن بەسلىشىپ،
بىز چۇشەيلى بەيگىگە.

ھەرگىز چالا قالمىسۇن،
بۇگۇنكى ئىش ئەتىگە.
ھىردىپ قالسا ئىپتىمىز،
يىپتەلمەيمىز پەللىگە.

ۋاقىت ئوقتەك ئۆتمەكتە،
ۋەتەن بىزنى كۇتمەكتە.
ئىلگىرلەيلى چوققىغا،
ئىقبال قاراپ كۇلمەكتە.

**كۆنۈكمە:**

1. شېئىرنى ئۈنلۈك، ھىسسىياتلىق قىلىپ ئوقۇشنى مەشق قىلىڭلار.

2. شېئىردىكى ھەر بىر كۇپلېتنىڭ مەزمۇنىنى ئايرىم-ئايرىم ھالدا قىسقىچە بايان قىلىپ بېرىڭلار.

3. شېئىردا ۋاقىت نېمىگە ئوخشىتىلغان؟ نېمە ئۈچۈن؟

4. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىڭلار.

بەيگە، پەللە، ئىقبال

5. شېئىرنى يادلىۋېلىڭلار.

# 6 . كەكلىكلەر

(چۆچەك)

بار ئىكەن – يوق ئىكەن، ئۆتكەن زا-
ماندا ئاق تاغنىڭ ئالدىدا، قارا تاغنىڭ كەي-
نىدە بىر توپ كەكلىكلەر بولغان ئىكەن. ئۇ-
لار بەك ئىناق ياشايدىكەن، دائىم ئۆزلىرى-
نىڭ قېرى باشلىغىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ئىش
ئېلىپ بارىدىكەن.

كۈنلەردىن – كۈنلەر، ئايلاردىن – ئاي-
لار ئۆتۈپتۇ. قېرى باشلىق بىر كۈنى ھەم-
مە كەكلىكلەرنى ئۆز ئەتراپىغا يىغىپ، ئۇلار-
غا شۇنداق ۋەسىيەت قىپتۇ:

— بالىلىرىم، بىز ھازىرغىچە بەك ياخ-
شى ياشاپ كەلدۇق، بىر – بىرىمىزنىڭ مەس-
لىھەتى بىلەن ئىش ئېلىپ باردۇق. مانا كۆ-
رۈپ تۇرۇپسىلەر، بىزنىڭ ئارىمىزدا تا مۇ-
شۇ كۈنگىچە ئۇرۇش – تالاش ياكى رەن-

جىپ ئاداۋەت ساقلاش دىگەن نەرسىلەر كۆرۈلمىدى. ئەمدى مېنىڭ ئىككى پۈتۈم گۆرگە ساڭگىلاپ قالدى. مۇبادا ئۆلۈپ كېتىپ قالسام، سىلەرگە كىچىككىنە ۋەسىيىتىمنى ئېيتىپ قوياي:

بىرىنچى ۋەسىيىتىم: دائىم مۇشۇنداق ياشاڭلار، ئۇرۇشماڭلار، باشلىغىڭلارنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ئىش ئېلىپ بېرىڭلار.


ئىككىنچى ۋەسىيىتىم: ھىچقاچان توپتىن ئايرىلماڭلار، يالغۇز ياشىماڭلار.

ئەڭ ئاخىرقى ۋەسىيىتىم: مۇشۇ كۆرۈنگەن قارا تاغنىڭ ئارقىسىغا ئۆتمەڭلار، ئەگەر بەك ئۆتكۈڭلار كېلىپ كەتسە، ھەممىڭلار بىللە ئۆتۈڭلار، — دەپتۇ.

قېرى باشلىقىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان كەكلىكلەر:

— خاتىرجەم بولۇڭ ئاتا، دىگەنلىرىڭىزنىڭ ھەممىسىنى بىجا كەلتۈرىمىز، — دەپتۇ.

ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي قېرى كەكلىك ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يېڭى باشلىغىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن بۇرۇنقىدىنمۇ



ياخشى كۈن كەچۈرۈپتۇ. بىر كۈنى چۈش مەزگىلى بىلەن ھەممە كەكلىكلەر ئوۋدىن قايتىۋاتقاندا، ئارىدىن بىرى ئايرىلىپ قاپتۇ. ئۇ كۆپ ۋاقىتلاردىن بېرى شۇنىلا ئويلاي- دىكەن: «نېمە ئۈچۈن ئاتىمىز بىزنى تاغنىڭ ئۇ قېتىغا ئۆتمەڭلار، دەيدۇ، مۇشۇنىڭدا بىر گەپ بار، (كۆزۈڭنىڭ بارىدا شەھەر كۆر، چىشىڭنىڭ بارىدا گۆش يە) دەپتىكەن، تە- ۋەككۇل قىلىپ بىر ئۆتۈپ باقمايمۇ» دىگەن ئارزۇنى قىلىدىكەن. بۈگۈن شۇ ئارزۇسى ئۈچۈن راسا ئوبدان بىر پەيت تۇغۇلغىنىغا خۇشال بولۇپ، قىن - قىنىغا پاتماي قارا

تاقىقا قاراپ ئۇچۇپتۇ.

ئۇچۇپتۇ - ئۇچۇپتۇ ... ئاز ئۇچۇپتۇ - كۆپ ئۇچۇپتۇ، ئاخىرى قارا تاقىقا يېتىپ بېرىپتۇ. شۇنداق قارىغۇدەك بولسا، ھەممە ياق ياپ - يېشىل، سۇلار شاقىراپ ئېقىپ تۇرغان. بۇنى كۆرگەن كەكىلىك: «ھە، ئاتىمىز بىزدىن بۇ يەرلەرنى قىزغىنىپ، شۇ قىزىل تاشلىق گىياسىز تاغدىلا ئۆلۈپ كەتسۇن، دەپ ئويلاپتىكەن - دە» دەپ ئىچ - ئىچىدىن تىت - تىت بولۇپ كېتىپتۇ. شۇنداق ئۇچۇپ كېتىپ بارسا، بىر يەردە بىر ئوچۇم قوناق چېچىلىپ تۇرغان ئىكەن. كەكلىكنىڭ نەپسى تاقىلداپ، شۇ قوناققا ئۆزىنى ئېتىپتۇ. دەل شۇ چاغدا، ئۇگدەپ قالغان ئوۋچىنىڭ قولىدىكى يىپ سىلكىنىپ كېتىپتۇ. ئوۋچى شۇنداق بېشىنى كۆتەرسە، بىر كەكلىك قىلتاقتىكى قوناقنى يەۋاتقان ئىكەن. ئوۋچى دەررۇ يىپنى تارتقان ئىكەن، كەكلىكنىڭ ئىككىلا پۇتى قىلتاقتا چۇشۇپ قاپتۇ.

شۇ ۋاقىتتا ھېلىقى تاغدىكى كەكلىكلەر چۆرىدىشىپ ئولتۇرۇپ، بىر - بىردىنى سا-

ناشقا كىرىشىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا بىر كەك-
لىك يوق، ئاخىرى بۇلار شۇ كەكلىكنى ئىز-
لەش ئۈچۈن بىر كەكلىكنى ئەۋەتىپتۇ. ئۇ-
مۇ بۇرۇنقى كەكلىك ئۇچقان يـولـلاردىن
ئۇچۇپ كېلىۋېتىپ، شۇنداق قارىغۇدەك بول-
سا، ھېلىقى كەكلىك پوكىنىنى يەرگە يېقىپ
ياتقۇدەك. ئالدىدا قوناقلار چېـچىلىپ تـۇ-
رۇپتۇ. بۇنى ئىزلەپ كەلگەن كەكلىك: «ھە،
بۇ قوساقلىرىنى كۆپ تويـغـۇزۇۋېتىپ، ئۇ-
چالماي قاپتۇ - دە» دەپ ئويلاپ، كەكلىك-
نىڭ قېشىغا چۈشۈپ، تېچلىقمۇ سـوراشـماي،
چېچىلىپ كەتكەن قوناقلارنى تېرىپ يېيىش-
كە باشلاپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئـوۋچى: «ھە،
يەنە بىرنى تۇتتۇم» دەپ خوشـال بـولـۇپ
قىلتاقنى بىر تارتىپتىكەن، ئۇنىـڭ پـۇتىمـۇ
قىلتاققا ئىلىنىپ قاپتۇ ... ئـوۋچى ئىككىنى
بەرگەن خۇدا ئـۈچـىنىمۇ بېرەر، دەپ يىپنى
يەنە تۇتۇپ ئولتۇرۇپتۇ. بـۇ ئىككى كـەك-
لىك ئۆزىنى ئۇ ياق- بۇ ياققا تاشلاپ بې-
قىپتۇ. قىلتاقتىن ھېچ قۇتۇلالماپتۇ.

كۈن ئاستا ئولتۇرۇشقا باشلاپتۇ. ئىك-
كىلا كەكلىكتىن خەۋەر ئالالمىغان كەكلىك-

لەر ئاخىرى بۇلارنى تېپىش كويىغا چۈشۈپ-
تۇ ۋە ھەممىسى قېرى ئاتىسىنىڭ ۋەسىيىتى-
نى يادىغا كەلتۈرۈپ، بىرلىكتە ئاسمانغا كۆ-
تىرىلىپتۇ. بۇلار ئۇچۇپ كېتىپ بېرىپ قا-
رىغۇدەك بولسا، ئىككىلا كەكلىك دانلاپ
تۇرغان ... بىرئاز پەسلەپ يەنە بىر سىنى-
چىلاپ قاراپتىكەن، بۇلارنىڭ پۇتىدىكى قىل-
تاقلار ئوچۇقلا كۆرۈنۈپتۇ، بۇ بىر توپ
كەكلىكلەرنى كۆرگەن ئوۋچى قىن - قىنىغا
پاتماي يۈرەكلىرى دۈپۈلدەپ كېتىپتۇ. قې-
رى باشلىغى شۇ چاغدا:

— بۇلار قىلتاققا چۈشۈپ قاپتۇ. ھەم-
مىمىز بىر يولىلا ئۆزىمىزنى قىلتاققا ئاتاي-
لى - دە، بۇلارنى قىلتاقلىرى بىلەن كۆتى-
رىپ چىقايلى، — دەپتۇ.

دىگەندەك ھەممىسى گۈرۈلدەپ كېلىپ
قىلتاققا ئۆزلىرىنى ئۇرۇپتۇ. قىلتاقنى ئىك-
كى كەكلىك بىلەن بىللىلا چىشلەپ ئاسمان-
غا كۆتىرىپ چىقىپ كېتىپتۇ ... بۇلارنى
كۆرگەن ئوۋچىنىڭ ئاغزى ئېچىلىپلا قاپتۇ ...
بىر ھازادىن كېيىن كەكلىكلەر ئۆزلىرىنىڭ
ماكانلىرىغا يېتىپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ پۇتلى-

رىدىكى يىپىلارنى چىشلىرى بىلەن قىيىپ ئۈزۈپتۇ ۋە قالغان ئۆمۈرىنى ھەممىسى بىر-لىكتە خەتەرسىز ئىناق ئۆتكۈزۈپتۇ.

خەلق ماقال - تەمسىللىرى:

ئايرىلغاننى ئېيىق يەر،
بۆلۈنگەننى بۆرە (يەر).
بىرلەشكەن ئۈزار، بىرلەشمىگەن تۇزار.

كۆنۈكمە:

1. چۆچەكنى پىششىق ئوقۇڭلار ھەمدە تۆۋەندىكى سو-ئاللارغا جاۋاپ بېرىڭلار.

1) كەكلىكلەر قانداق ياشايتتى؟

2) قېرى باشلىغى كەكلىكلەرگە نىمە دەپ ۋەسىيەت قىلدى؟

3) باشلىغىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىغان ھېلىقى كەكلىك تاغ ئارقىسىغا ئۆتۈپ قانداق خەتەرگە ئۇچرىدى؟

4) كەكلىكلەر خەتەرگە ئۇچرىغان ھېلىقى ئىككى كەك-لىكنى خەتەردىن قانداق قۇتۇلدۇرۇۋالدى؟

2. چۆچەكنى تەپسىلى ھالدا قايتا بايان قىلىپ بېرىڭلار.

3. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇڭلار، ئۇ جۈملىلەردىكى ئاستى سىزىلغان سۆزلەرنى ئۇزئارا سېلىشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ

قانداق مەنە ئىپادىلىگەنلىگىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

ئارمىدىن كۆپ ئۆتمەي قىرى كەكلىك
ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ.

ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي قىرى كەكلىك
ۋاپات بوپتۇ.

ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي قىرى كەكلىك
ئۆلۈپتۇ.

4. قىرى كەكلىكنىڭ ئۈچ ۋەسىيىتىنى ياد ئىملا قىلىپ يېزىڭلار.

5. تېكىستتىن كېيىن بېرىلگەن ماقال - تەمسىللەرنى يادلىۋېلىڭلار.

# 7. باغۋەنچىلىك

باغلىرىمىزدا تۈرلۈك ـ تۈرلۈك مېۋى-
لىك دەرەخلەر ئۆسىدۇ. ئەنە شۇ باغلاردا
مېۋىلەپ تۇرغان مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ
ھەممىسى ياۋا مېۋىلىك دەرەخلەردىن كېلىپ
چىققان. لېكىن ياۋا مېۋىلىك دەرەخلەر
بىلەن بىزنىڭ باغلاردا ئۆسىدىغان مېۋىلىك
دەرەخلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ناھايىتى
چوڭ. ياۋا مېۋىلىك دەرەخلەردىن ئۇششاق،
ئاچچىق ۋە قېرىدىق مېۋىلەر پىشسا، باغلىرى-
مىزدا ئۆستۈرۈلگەن مېۋىلىك دەرەخلەردىن
سۇلۇق، يوغان ۋە شىرىن مېۋىلەر پىشىدۇ.

ياۋا مېۋىلىك دەرەخلەر تاغلار ۋە
چۆللەردە ئۆزلىرى ئۆسىۋېرىدۇ، باغلاردا
ئۆسىدىغان مېۋىلىك دەرەخلەر بولسا، ئادەم-
لەر تەرىپىدىن تىكىلىپ، ياخشى پەرۋىش
قىلىنغاندىلا، ئاندىن ياخشى ئۆسىدۇ ۋە
مېۋە بېرىدۇ.

باغلاردا ئۆسىدىغان مېۋىلىك دەرەخلەر-
نىڭ خىللىرى ناھايىتى كۆپ. ھازىرقى
مېۋىلىك دەرەخلەر ۋە تۈرلۈك مېۋىلەر
ياخشى مېۋىلىك دەرەخلەرنى ياۋا مېۋىلىك
دەرەخلەرگە ئۇلاش، شۇنداقلا شىمالدا
ئۆسىدىغان مېۋىلىك دەرەخلەر بىلەن جەنۇپ-
تا ئۆسىدىغان مېۋىلىك دەرەخلەرنى بىر-
بىرىگە ئۇلاشقا ئوخشاش ئۇسۇللار ئارقىلىق
يېتىشتۈرۈلگەن.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدا
مۇنداق مېۋىلىك دەرەخلەر ناھايىتى كۆپ،
باغۋەنچىلىك ئىشلىرىمىز ناھايىتى ئۇزاق
تارىخقا ئىگە. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ
شىرىن - شەربەت مېۋىلىرى — ئالما، ئانار،
ئەنجۈر، ئۈزۈم، ئۆرۈك، نەشپۈت، شاپتۇل،
بېيە، ياڭاق، جىگدە، چىلان، گىلاس، ئالۇ-
چا، جىنەستە قاتارلىقلار. بۇ مېۋىلەر ۋەتى-
نىمىزنىڭ باشقا ئۆلكە، شەھەرلىرىدە، شۇن-
داقلا چەتئەللەردىمۇ داڭلىق. بۇ شىرىن،
تاتلىق مېۋىلەرنى ۋە ئۇلارنى ئاسراپ ئۆس-
تۈرگەن چېۋەر باغۋەنلىرىمىزنى ھەرقانچە
ماختىسا ئەرزىيدۇ.

تۇرپاننىڭ ئاق سايۋا، بىجاقى، قىزىل
سايۋا، ئاق قاشقىر ۋە كىشمىش ئۈزۈملىرى،
ھولجىننىڭ مەنپەسى، تاغىل، ئاپورت، لىمون
ۋە ساردىم ئالمىلىرى، قەشقەرنىڭ ئەنجۈر
بىلەن بىيىسى، كورلىنىڭ نەشپۈت بىلەن
ئامۇتى، يەركەننىڭ ئانار بىلەن شاپتۇلى،
خوتەننىڭ ياڭىقى، كۇچارنىڭ ئۈرۈكلىرى
داڭلىق؛ ئۈزۈم، ئۈرۈك، شاپتۇل ۋە چىلان
قاتارلىق مېۋىلەر كۆزلۈگى قۇرۇتۇۋېلىنىدۇ.
قۇرۇتۇلغان بۇ مېۋىلەر سۈپىتىنىڭ ياخشى-
لىقى ۋە تەمىنىڭ شېرىنلىكى بىلەن ئالاھى-
دە داڭلىق بولۇپ، چەت دۆلەتلەرگىمۇ
ئېكسپورت قىلىنىدۇ.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھازىرقى باغ-
ۋەنچىلىك ئىشلىرى دۆلىتىمىزنىڭ زامانىۋى-
لىشىشىغا ئەگىشىپ كۈندىن - كۈنگە تەرەق-
قى قىلماقتا. مېۋىلىك دەرەخلەر كۆپىيىپ،
مېۋىلەرنىڭ سورتى بارغانسېرى ياخشىلان-
ماقتا.

باغۋەنلىرىمىز ئۈنۈملۈك ئىلمىي ئۇسۇل-
لارنى قوللىنىپ، مېۋىلىك كۆچەتلەرنى
تىكىپ، ئۇنى ئاسراپ، پەرۋىش قىلىپ، مېۋى-

نىڭ يېڭى ـ يېڭى سورتلىرىنى كۆپ يېتىمەكتە، ھوسۇلىنىمۇ يىلدىن ـ يىلغا كۆپلەپ ئاشۇرماقتا.

باغۋەنلىرىمىز ھەر يىلى ئەتىياز، كۈز پەسىللىرىدە ھەر خىل مېۋىلىك كۆچەتلەرنى تىكىدۇ. بۇنىڭ بىلەن باغ ۋە ئورمانلارمۇ يىلدىن ـ يىلغا كۆپەيمەكتە. ئوقۇغۇچىلارمۇ مەكتەپ ئەتراپىي ھەم باغلارغا مېۋىلىك كۆچەتلەرنى تىكىدۇ ۋە ئۇلارنى ئاسراپ ئۆستۈرىدۇ.

مېۋىلىك دەرەخلەرنى ئۆيلەرنىڭ ئالدىغا ياكى كىچىك باغچىلارغا تىكىپ ئۆستۈرۈش مۇمكىن.

خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى:

ئاۋال تام ئەت، ئاندىن باغ ئەت.
بېغى بارنىڭ تېغى بار.
تەر تۆكۈپ چاچسالىڭ ئۇرۇق،
يەر سېنى قويماس قۇرۇق.
بىرنى كەسسەڭ، ئوننى تىك.

كۆنۈكمە:

1. تېكىستنى پىششىق ئوقۇڭلار ۋە تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاپ بېرىڭلار:

1) هازىرقى مىۋىلىك دەرەخلەر قانداق بارلىققا كەلگەن؟

2) شىنجياڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدىن قانداق مىۋىلەر چىقىدۇ؟ سىلەر يەنە قانداق مىۋىلەرنى بىلىسىلەر؟ ئۇلارنىڭ قايسى ۋاقىتلاردا پىشىپ يېتىشىدىغانلىغىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

3) باغلىرىمىزدا ئۆسىدىغان مىۋىلىك دەرەخلەرنىڭ مىۋىلىرى بىلەن ياۋا مىۋىلىك دەرەخلەرنىڭ مىۋىلىرى ئوتتۇرىسىدا قانداق پەرق بار؟

2. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىڭلار ھەمدە ئاستى سىزىلغان سۆزلەرنىڭ ھەر بىرىگە بىردىن جۈملە تۈزۈڭلار.

قېرىق، شىرىن، پەرۋىش، چىۋەر، ئېكىسپورت، سورت

3. تۆۋەندىكى سۆزلەرنى ئوقۇڭلار، ئۇلارنى ئۆز تۈرلىرى بويىچە گۇرۇپپىلاپ يېزىڭلار.

بۇغداي، قوغۇن، تاۋۇز، قوناق، ئۈزۈم، ئانار، ئۆرۈك، بەسەي، جۇسەي، ئەنجۈر، ئارپا، ياڭاق، ياڭيۇ، سەۋزە، تېرىق، پەمىدور، ئالۇچا، پىياز، ئالما، شال، نەشپۈت، شاپتۇل

## 8. بەختىيار ۋە ئالما كۆچىتى

دەرستىن چۈشۈپ شات - خورام،
كىردى باققا بەختىيار.
قارشى ئالدى باغ ئۈنى،
كۈلگەندەك بى ئىختىيار.

يېتىلگەنتى باغ ئارا،
شاختا پىشقان ھالۋىلار.
تەمى تاتلىق، خۇش پۇراق،
نەشپۈت، بىھى... ئالمىلار.

كەلدى ئىشچان بەختىيار،
بىر تۈپ ئالما يېنىغا.
كۆرۈپ دەرەخ شاتلىقتىن،
سىغماي كەتتى قىنىغا.

دىدى: «دوستۇم خوش كەپسەن،
سېغىنغانتىم سىنى مەن.

شەرۋەت تۇتتى نىمىتىم
يەپ ھوزۇرلان - بەھرىلەن.

مېنى ئۈچ يىل مۇقەددەم،
سەن بۇ باققا تىككەنتىڭ.
تاتلىق مىۋە بەرسۇن دەپ،
شۇنى ئۈمىت كۈتكەنتىڭ.



شۇ ئۈمىتتە سەن ماڭا،
باغلاپ كەلدىڭ مۇھەببەت.
خەۋەر ئېلىپ ھالىمدىن.
قىلىپ كەلدىڭ كۆپ شەپقەت.

ئوغۇت بەردىڭ، سۇ بەردىڭ،
ئېھتىياجىم چۈشكەندە.

ئاپەتلەرنى يوقاتتىڭ،
جىنىمغا خەۋپ يەتكەندە.



راۋاج تاپتىم ئۇلغايدىم،
تۆككەن ھالال تەرىڭدىن.
مىننەتدارلىق ئۇرغۇيدۇ،
ساڭا شۇڭا قەلبىمدىن.

خالىغانچە مېنى ئۈز،
تىلىگىمگە يېتەي مەن.

قۇرۇپ قاخشال بولغىچە،
ساڭا خىزمەت ئۆتەي مەن».

شۇ گەپلەرنى دەپ دەرەخ،
شىۋىرلىدى خېلى ۋاخ.
ئىتائەتتە بېشىنى
ئېگىشتى ھەممە شاخ.

پىشقان ھال رەڭ ئالمىلار،
كۈلدى گويا يالتىراپ.
بىزنى ئۈزگىن دېگەندەك،
ئىنتىلىشتى خۇش پۇراپ.



يىدى ئۈزۈپ بەختىيار،
شاختىن بىر تال ئالمىنى.
سەزدى خۇددى ئۇنىڭدىن،
ھەسەل بالىنىڭ تەمىنى.

ئۆز - ئۆزىگە دېدى ئۇ:
«نېمە دېگەن تەملىك بەك.»
«مېھنەت تېگى زەر» ئىكەن
ئەجدادىمىز ئېيتقانىدەك.

ئۇقۇپ بۇنى ئالمىلار،
خۇرسەنلىكتە قىستى كۆز.
ياپراق ئارا مارىلاپ،
ھاياجاندا قىلدى سۆز:

«ئەي پىئونېر، ياخشى دوست،
ئىلىم - پەندىن قۇۋۋەت ئال!
سەنمۇ بىزدەك يېتىلىپ،
بەر خەلققە مېۋە - بال.»

**كۆنۈكمە:**

1. تېكىستنى ئۈنلۈك، ھېسسىياتلىق ئوقۇشنى مەشق قى-

لىڭلار ھەمدە تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاپ بېرىڭلار.

1) بەختىيار دەرىستىن چۈشۈپ نەگە باردى؟ ئالىملار ئۇنى قانداق قارشى ئالدى؟

2) ئالىملار بەختىيارغا نېمە دېدى؟ نېمە ئۈچۈن شۇنداق دېيدۇ؟

2. شېئىرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۇپلېتىنىڭ مەزمۇنىنى سۆزلەپ بېرىڭلار.

3. شېئىرنى ئۇنىڭدىكى ۋەقەلىك تەرتىۋىگە ئاساسەن ھېكايە قىلىپ سۆزلەپ بېرىڭلار.

4. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىڭلار.


شاتلىق، بەھرىلىنىش، شەپقەت، ئېھتىياج، راۋاج، مىننەتدارلىق، ئۇرغۇش، ئىتائەت

5. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ ھەر بىرىگە بىردىن جۈملە تۈزۈڭلار.

ئىشچان، مېھنەت، مېۋە بېرىش

# △9. كۈز پەسلى

گۈزەل كۈز ئايلىرى — ئاشلىق، مېۋىلەر پىشقان، تەبىئەت رەڭمۇ - رەڭ چىرايلىق تونغا ئورالغان، ئېتىزلاردا ئىش تازا قاينىغان، ھەممە يەر مەمۇرچىلىق بولىدىغان سۆيۈملۈك بىر پەسىلدۇر.



كۈز كىرىشى بىلەنلا ھاۋا سالقىنلى-
شىپ قالىدۇ. ھاۋانىڭ سالقىنلاشقانلىغى

كۆپىنچە ئەتىگەنلىگى ۋە كەچتۇرۇنلۇغى
سېزىلىدۇ. گۈگۈشى ئەزالىرى ئاشلىقلارنى
ئورۇشقا، ئاپپاق ئېچىلغان پاختىلارنى
تېرىشكە، شىرىن - شېكەر مېۋىلەرنى يىغى-
ۋېلىشقا كىرىشىدۇ. ياڭيۇ، پىياز، سەۋزە،
چامغۇر، بەسەيگە ئوخشاش كۆكتاتلارنىمۇ
بىرىدىن كېيىن بىرىنى يىغىۋالىدۇ. ئېتىز-
لارغا كۈزلۈك بۇغدايلار تېرىلىدۇ.

كۈز ئايلىرىنىڭ ئاخىرىدا دەرەخ يو-
پۇرماقلىرى ۋە ئوت - چۆپلەر سارغىيىدۇ.
كۈزنىڭ سالقىن شامىلى سارغايغان يوپۇر-
ماقلارنى يەرگە تۆكۈپ، يوللارنى ساپ -
سېرىق غازاڭلار بىلەن قاپلايدۇ. يەرگە
تۆكۈلگەن غازاڭلار ئاياق ئاستىدا شىلدىر-
لايدۇ. كۈز بۇلۇتلىرى پات - پاتلا يامغۇر
تۆكۈپ تۇرىدۇ، هاۋا ئاستا - ئاستا سوۋۇپ،
كۈن بارغانسېرى قىسقىرايدۇ.

ئېتىزلاردا پەقەت تېرىلغان كۈزلۈك
بۇغداي ۋە ئارپىلارلا قالىدۇ. بۇلار قىشىچە
قار ئاستىدا زەرەرسىز ساقلىنىپ، باهاردا قىر،
ئېدىر ۋە ئېتىزلارنى كۆپ - كۆك مايسىلار
بىلەن بىزەيدۇ.

كۆنۈكمە:

1. تېكستنى ئۈنلۈك، راۋان ئوقۇشنى ھەمدە تۆۋەندىكى سوئاللار بويىچە سۆزلەشنى مەشق قىلىڭلار.

1) كۈز پەسلى قانداق پەسىل؟

2) كۈز پەسلىدە ئېتىز ـ باغلارنىڭ كۆرۈنۈشى قانداق بولىدۇ؟

3) تېكستتە كۈز پەسلىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى قايسى تەرەپلەردىن بايان قىلىنغان؟ سۆزلەپ بېرىڭلار.

2. تېكستنى ئابزاسلارغا بۆلۈپ، ھەر بىر ئابزاسنىڭ قىسقىچە مەزمۇنىنى سۆزلەپ بېرىڭلار.

3. تۆۋەندىكى ئابزاسنى مۇۋاپىق تىنىش بەلگىلىرىنى قويۇپ كۆچۈرۈڭلار.

كۈز مىۋىلەر پىشقان تەبىئەت گۈزەل رەڭگە كىرگەن ئېتىزلاردا ئىش قايىنىغان سۆيۈملۈك بىر پەسىلدۇر دىخانلار ئاشلىقلىرىنى ئورۇشقا پاختىلىرىنى تېرىشكە كىرىشىدۇ ياڭيۇ پىياز سەۋزە چامغۇرغا ئوخشاش كۆكتاتلارنىمۇ بىرىدىن كېيىن بىرىنى يىغىۋالىدۇ

4. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىڭلار.

مەمۇرچىلىق، زەرەرسىز، بىزەش

# 10. يامغۇر

مەن بىر يەكشەنبە كۈنى كەچتە دەرىزە ئالدىدا تاپشۇرۇق ئىشلەپ ئولتۇراتتىم. بىردىنلا ھاۋا تۇتۇلۇپ قاتتىق بوران چى- قىپ، ئارقىدىنلا يامغۇر يېغىشقا باشلىدى. مەن دەرھال دەرىزىنى ئېتىۋەتتىم، ئۆي ئىچى باشقىچىلا ئىسسىپ، دىمىقچىلىق بولۇپ كەتتى.

بىردەمدىن كېيىن يامغۇر بارغانسىرى كۈچىيىپ، چوڭ - چوڭ يامغۇر تامچىلىرى دەرىزە ئەينەكلەرگە تارسىلداپ ئۇرۇلغىلى تۇردى. دەرىزىدىن قارىسام پۈتۈن جاھان چەكسىز كەڭ مەرۋايىت پەردىسى يېپىنغان- دەك غۇۋا كۆرۈنەتتى. يامغۇر ئوتتۇرىدىكى ئۆينىڭ ئۆگزىسىدىكى كاھىشلارغا چۈشكەن- دە چاچراپ چىققان سۇلار دەرىزىدىن قارىغاندا، خۇددى ئۆگزىنى بىر قەۋەت سۇس ئىس - تۈتەك قاپلىۋالغاندەك كۆرۈ-

نەتتى. يامغۇر سۈيى ئۆيىنىڭ لەمپىسىدىن
ئېقىپ چۈشۈشكە باشلىدى. ئۇ دەسلەپتە
يىپى ئۈزۈلگەن مارجانلاردەك ئۈزۈلۈپ -
ئۈزۈلۈپ تامچىلىدى، كېيىن بارا - بارا
بۇ تامچىلار تۇتىشىپ شۇقۇراپ ئاققىلى
تۇردى. يەردىكى يامغۇر سۇلىرى بارغانچە
كۆپىيىپ، بىر - بىرىگە قوشۇلۇپ، كىچىك
ئېرىق ھاسىل قىلىپ ئاقاتتى.

بۇ ھەقىقەتەن دەل ۋاقتىدا ياققان يام-
غۇر ئىدى. ئېتىزلاردىكى قوناق، مايسىلىرى
شالدۇر - شۇلدۇر قىلىشىپ، خوشاللىق
ناخشىلىرى ئېيتىشاتتى. مەن گويا يامغۇر
سۈيىنىڭ ئېتىز - ئېرىقلارغا، مۇۋىلىك باغ-
لارغا ۋە كىشىلەر قەلبىگە ئېقىپ كىرىۋات-
قانلىقىنى كۆرگەندەك بولدۇم.

بۇلۇت تارقاپ، يامغۇر توختىشى بىلەن
قۇياش كەڭ زېمىنىنى يورۇتتى. دەرىزىنى
ئېچىشىمغا نەم تۇپىنىڭ خۇش ھىدى دىمى-
قىمغا ئۇرۇلدى، ھاۋا تازا ۋە تولىمۇ سۈزۈك
ئىدى. دەل - دەرەخلەر يامغۇردا يۇيۇلۇپ،
ياپ - يېشىل ياشىرىپ، تېخىمۇ چىرايلىق
بولۇپ كەتكەن ئىدى.

كۆنۈكمە:

1. تېكستنى ئۇنلۇك، ھىسسىياتلىق قىلىپ ئوقۇڭلار.

2. تېكستتە يامغۇر يېغىشتىن ئىلگىرىكى، يامغۇر يېغىۋاتقان چاغدىكى ۋە يامغۇردىن كېيىنكى مەنزىرىلەر قانداق تەسۋىرلەنگەن؟

3. ئاپتور يامغۇر يېغىۋاتقاندا نىمىلەرنى كۆردى، نىمىلەرنى ئاڭلىدى ھەمدە نىمىلەرنى ئويلىدى؟ سۆزلەپ بېرىڭلار.

4. تېكستنىڭ 2 - ئابزاسىنى ئوقۇپ، ئاپتورنىڭ يامغۇر يېغىۋاتقان چاغدىكى مەنزىرىنى قانچە جۈملە بىلەن كونكرېت ئىپادىلىگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

5. ئۆزەڭلار بىرەر مەنزىرىنى كۆزىتىپ، بۇ تېكستنىڭ يېزىلىش ئۇسۇلى بويىچە كۆزەتكەن مەنزىرىنى يېزىپ چىقىڭلار.

# 11. كىچىك ئالاقچى

بىز خەنىياڭدىكى گۇيشەن تېغىنىڭ ئېتىكىدە ماكان تۇتتۇق. پارتىيىنىڭ ناھىيىلىك يەر ئاستى ئورگىنى بىزنىڭ ئۆيىدە قۇرۇلدى. بالىلارنىڭ ھەممىسى ئوقۇشقا بارمىدى. لى ئەن ئۆيدە خۇددى سايىگە ئوخشاش ئارقامدىن ئەگىشىپلا يۈرەتتى. ئۇ دائىم ئەلەم بىلەن:

— ئاپا، دادام نىمىشقا ماڭا ۋەزىپە بەرمەيدۇ؟ — دەيتتى.

پىشقەدەم ئالاقچى لاۋ جاۋنى دۈشمەنلەر تۇتۇپ كەتكەندىن كېيىن، مېي شېڭ لى ئەننى ئىككى پارچە مۇھىم خەتنى يىڭۋۇجۇغا يەتكۈزۈپ بېرىشكە ئەۋەتتى. ئۇ ۋەزىپىنى چىچەنلىك بىلەن ئورۇنلىدى. كېيىن، لى ئەن بىزنىڭ كىچىك ئالاقچىمىز بولۇپ قالدى. ئۇ ھەر كۈنى پارتىيە گېزىتى ۋە ھۆججەتلەرنى بەلگىلەنگەن ئورۇنغا

يەتكۈزۈپ بېرىپ تۇردى. مەن «داجياڭ
گېزىتى» نى ئۇزۇنچاق قىلىپ قاتلاپ، بالا-
منىڭ پاختىلىق ئىشتىنىنىڭ لىپىزىگە ئوراپ
يىپ بىلەن مەھكەم باغلاپ قوياتتىم. بىر
قېتىمدا 8 پارچە گېزىتنى 8 جايغا يەتكۈ-
زۈپ بېرىشكە بولاتتى.

12 - ئايدا، سوغاق شامال سۆگەكتىن
ئۆتەتتى، قاتتىق قار يېغىپ تۇراتتى. لى ئەن
قار - شىۋىرغاندا قاردىماي، گېزىت ۋە
ھۆججەتلەرنى ئىشچىلار تۇرغان رايونلارغا
ئاپىراتتى. ئۇنىڭغا بىر كۈندە ئون نەچچە
چاقىرىم يول مېڭىشقا توغرا كېلەتتى. بالام
يىڭۇۋجۇنى ئوبدان بىلەتتى. ئۇ ھەر بىر ئۆيگە
دىگۈدەك كىرگەن، ھەر بىر ئىشچى بىلەن
ئۇچراشقان ئىدى، شۇڭا ئۇ يەرنىڭ ئەڭ
ئىززەتلىك مېھمىنى بولۇپ قالغان ئىدى.
لى ئەن ھەر قېتىم قايتىپ كەلگىنىدە، دائىم
بىرئاز كەمپىت، ماخار قاتارلىق يەمەكلىك-
لەرنى ئالغاچ كېلەتتى. بۇلارنى ئىشچىلار
ئۇنىڭغا بېرەتتى. ئۇ بۇ نەرسىلەرنى يېيىشكە
كۆزى قىيماي، ئۇكىلىرىغا بۆلۈپ بېرەتتى.
پەقەت بىرلا سوغاتنى ئۆزىدە قالدۇردى.

ئۇ بولسىمۇ ۋاڭ تاغىسى سوغا قىلغان قوڭۇر تۇمشۇق، سېرىق كۆزلۈك بىر جۈپ پاختەك ئىدى. ئۇ پاختەكنى بامبۇك قەپەزگە سېلىپ، قەپەزنى ئۆينىڭ پېشايۋىنىغا ئېسىپ قويدى.

كېيىنكى قېتىم بارغىنىدا، ۋاڭ تاغىسى يوق ئىكەن. قىيا ئوچۇق ئىشىكتىن قارىغىنىدا بىراۋنىڭ:

— توختا، نېمە ئادەمسەن؟ — دەپ ۋاقىرىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ.

بۇلۇڭدىن بىرسى ئېتىلىپ چىقىپ، ئۇنىڭغا قورال تەڭلەپتۇ. بالام تۇرۇۋۇپلا قاپتۇ. ئەمما ئۇ دەرھاللا ئۆزىنى ئوڭشىۋاپتۇ.

دۇفۇ پۇلىنى بەر!


— ئەبلەخ! — ئىشپىيون ئۇنى بىر كاچات ئۇرۇۋۇپتۇ، — كىم ساڭا دۇفۇ پۇلىغا قەرز بوپتۇ؟

بالام يىغلامسىراپ ۋاقىراپتۇ:

— سەن ئىنساپسىز ئىكەنسەن! دادام ئاغرىپ قالدى، مېنى 18 - نومۇرلۇق ئۆيدىن دۇفۇ پۇلىنى ئەكەلگىن دەپ ئەۋەتكەن، پۇلنى بېرىش بۇياقتا تۇرسۇن، يەنە ئادەم ئۇرۇۋاتىسەن ...

— كۆزۈك يوقمۇ، بۇ 17 - نومۇر! تېز كۆزۈمدىن يوقالمىساڭ، كاللاڭدىن تۈتۈن چىقىرىمەن ...

بالام بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قايتىپ چىقىپتۇ.



ئۇ يەنە دۈشمەنگە ئۇچراپ قېلىشتىن قورقۇپ، دەرھال خالىراق جايغا بېرىپ، ھۆججەتلەرنى كۆيدۈرۈۋېتىپتۇ. ئارقىدىن ئاستاغىنا 17 - نومۇرلۇق ئۆينىڭ ئىشىگى ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭ تېمىغا بەلگە قىلىپ قويۇپتۇ.

— ناھايىتى ياخشى قىپسەن! دۈشمەنگە يولۇققاندا زىرەكلىك بىلەن ئەھۋالغا قاراپ ئىش كۆرۈش كېرەك! مۇبادا دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ قالغان تەقدىردە، باش كەتسىمۇ سىرنى ئېيتماسلىق كېرەك! ئالاقىچى مۇشۇن-

داق بولۇش كېرەك! — دېدى دادىسى لى ئەننىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئۇنى ماختىغان ھالدا.

بالام پۈتۈن زېھنىنى قويۇپ دادىسىنىڭ تەلىمىنى ئاڭلايتتى، ئۇنىڭ سۆزلىرىنى كۆڭلىگە مەھكەم پۈكەتتى.

كۆنۈكمە:

1. تېكىستنى پىششىق ئوقۇپ، تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاپ بېرىڭلار:

1) لى ئەن قانداق قىلىپ كىچىك ئالاقىچى بولۇپ قالدى؟ ئۇ مۇھىم ھۆججەت ۋە گېزىتلەرنى بەلگىلەنگەن ئورۇنغا قانداق يەتكۈزۈپ بەردى؟

2) ئۇ دۈشمەنگە يولۇققاندا، دۈشمەنلەردىن قانداق قىلىپ قۇتۇلدى؟

3) لى ئەن قانداق قىلىپ يېڭۈۋۇجۇدىكى ئىشچىلارنىڭ ئەڭ ئىززەتلىك مېھمىنى بولۇپ قالدى؟

4) لى ئەن دادىسىنىڭ قايسى سۆزلىرىنى ئېسىدە چىڭ ساقلىدى؟

2. تۆۋەندىكى جۈملىنى ئوقۇپ، ئاستى سىزىلغان سۆز- نىڭ ئۇ جۈملىدە قانداق مەنە ئىپادىلىگەنلىكىگە ۋە جۈملىدە

نىمە ئۈچۈن قوللىنىلغانلىغىغا دىققەت قىلىڭلار.

لى ئەن ئۆيدە خۇددى سايىدەك ئارقامدىن ئەگىشىپلا يۈرەتتى.

3. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىڭلار ھەمدە ئاستى سىزىلغان سۆزلەرنىڭ ھەر بىرىگە بىردىن جۈملە تۈزۈڭلار.

پارتىيىنىڭ بەر ئاستى ئورگىنى، ماكان، سوغات، زىرەك، سىر ساقلاش، ۋەزىپە، سايە

## △12. ئەكبەر

مېنىڭ كىچىك ئىنىم ئەكبەر تېخى 2 ياشقا تولمىغان ئىدى. ئۇنىڭ يۈزلىرى ئالمىدەك قىپ ـ قىزىل بولۇپ، نۇرلۇق يوغان كۆزلىرى چاقناپ تۇراتتى. ئۇ كۈلسە مەڭزىدە بىر جۈپ زىناق پەيدا بولاتتى.

بىر كۈنى، ئەكبەر ھويلىدا ئويناۋاتاتتى. ئاپام ئۇنى تاماق يېيىشكە چاقىردى. ئۇ خوشال ھالدا ئۆيگە يۈگۈرۈپ كىردى. ئۇنىڭ قوللىرى لاي ئىدى. مەن ئۇنى قولىنى يۇيۇشقا بۇيرۇدۇم. ئۇ قول يۇيۇشنى ئاڭلاپ، ئاغزىنى ئۈمچەيتىپ يوغان كۆزلىرىنى بىزگە تىكىپ، گويا بۇ قېتىم قولۇمنى يۇمايچۇ، دەۋاتقاندەك قارىدى. مەن دەرھال ئۇنىڭغا:

— ئاپپاق ئەكبەر، قول پاسكىنا بولسا يۇيۇش كېرەك. پاسكىنا قول بىلەن بىرنەرسە يېسە قوساق ئاغرىيدۇ، كەل، ئاپپاق

ئۇكام، قولىڭنى پاكىز يۇيۇپ قو-
ياي، — دىدىم. ئەكبەر گەپ ئاڭلىدى. مەن
ئۇنى يېتىلەپ بېرىپ، قولىنى يۇيۇپ قويدۇم.

ئەتىسى مەن مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپ،
بوخچامنى قويۇپلا نانغا قول ئۇزاتتىم. ئەك-
بەر بۇنى كۆرۈپ قېلىپ:

— ھەدەم ئاپپاق ئەمەس، قولىنى يۇ-
مايلا نان ئېلىپ يەيدىكەن، — دەپ ۋاقىراپ
كەتتى. ئۇ يەنە مېنى قول يۇيىدىغان چۆ-
گۈن يېنىغا سۆرەپ ئاپاردى. بۇنى كۆرۈپ
پۈتۈن ئۆيدىكىلەر كۈلۈشۈپ كەتتى. بۇنىڭ-
دىن مەن بەكمۇ خىجىل بولدۇم.

يەنە بىر قېتىم، مەن دەرس تەييارلا-
ۋاتقاندا، ئەكبەر قولۇمدىكى قەلەمنى تالاش-
تى. مەن ئۇنىڭغا:

— ئەكبەر، قەلەمنى ئويناشقا بولمايدۇ،
ساڭا بىر دانە رەسىم بېرەي، — دىدىم. ئۇ
بېشىنى چايقاپ، قولىنى سىلكىپ:

— ئالمايمەن، ئالمايمەن! — دىدى ۋە
ئارقىدىن يىغلاشقا باشلىدى. ئاپام بۇنى
كۆرۈپ، باشقىلارغا گەپ قىلماڭلار دىگەن
ئىشارەتنى قىلدى. بىز ھېچنەرسە بولمىغان-

دەك ئۆز ئىشىمىزنى قىلىشۋەردۇق. ئۇ بىردەم يىغلىدى. كۆزلىرىنى ئېتىۋېلىپ، ئۆكسۈپ يىغلىغان بولۇپ، يەنە تۇرۇپ - تۇرۇپ باش- قىلار ماڭا دىققەت قىلىۋاتامدىكىن دەپ بار- ماقلىرىنىڭ ئارىسىدىن مارىلاپ قاراپ قو- ياتتى. ئۇنىڭ نەزىرى ئاپامدىن ھەدەمگە يۆت- كەلدى، مەن كۈلۈۋېتىشتىن ئۆزەمنى ئارانلا تۇتاتتىم، بىر ئازدىن كېيىن ماڭا يۆتكەل- دى. ئۇ ھەممىمىزگە بىر قۇر قاراپ چىققان- دىن كېيىن، يىغىسىنى توختىتىپ، كىچىك ما- شىنىسىنى سۆرەپ ئويۇنغىلى چىقىپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن مەن دەرس تەييارلىغاندا، ئەكبەر قەلەم تالاشمايدىغان بولدى.

كۆنۈكمە:

1. تېكستنى ئىچىڭلاردا ئوقۇڭلار.

2. مۇنۇ سوئاللار بويىچە تېكست مەزمۇنىنى بىر - بىرلەپ بايان قىلىڭلار.

1) ئەكبەرنىڭ تۇرقى، كۆزى، كۈلۈشلىرى قانداق تەسۋىرلەنگەن؟

2) ئۇنى ئويناۋاتقان يېرىدىن تاماققا چاقىرغاندا ئۇ قانداق قىلدى؟ ھەدىسى ئۇنىڭغا نىمە دىدى ۋە نىمە قىلدى؟

3) كېيىن ھەدىسى قولىنى يۇماي نانغا قول ئۇزاتقان-

دا ئەكبەر قانداق قىلدى؟

4) ھەدىسى دەرس تەييارلاۋاتقاندا ئۇ نىمىنى تالاشتى؟ ئۆيدىكىلەر ئۇنىڭغا قانداق مۇئامىلە قىلدى؟ نىمىشقا؟ ئاخىرىدا نىمە بولدى؟

3. تۆۋەندىكى پارچىنى مۇۋاپىق تىنىش بەلگىلىرىنى قويۇپ كۆچۈرۈپ يېزىڭلار.

ئەكبەر چىرايلىق ئوماق ئەقىللىق بالا بولۇپ ئەمدىلا ئىككى ياشقا كىرگەن ئىدى ئۇ بىر كۈنى سىرتتىن كىرىپلا نانغا قول ئۇزاتتى ھەدىسى: «ئەكبەر پاسكىنا قول بىلەن بىر نەرسە يىسە قوساق ئاغىرمامدۇ» دەپ ئۇنىڭ قولىنى يۇيۇپ قويدى ئۇ كىچىك بولسىمۇ ھەدىسىنىڭ سۆزىنى قۇلىغىدا چىڭ تۇتۇپ بىرەر نەرسە يىگەندە قولىنى يۇيۇشقا ئادەتلەندى

## 13. ئانا

قەدىردانىم جان ئانا،
نۇر چاقنايدۇ كۆزۈڭدىن.
تايچىغىم، قوزام دىسەڭ،
بال تامىدۇ سۆزۈڭدىن.

سەن دىلىمغا نۇر بەردىڭ،
ئاق - قارىنى بىلگىلى،
ماڭا چىن يۇرەك بەردىڭ،
ھۆر ۋەتەنىنى سۆيگىلى.

پىشانەمدىن ھەر سەھەر،
جان بالام، دەپ سۆيگەندە،
مەن ماڭىمەن مەكتەپكە،
ئالتۇن قۇياش كۇلگەندە.

ياش دىلىمغا بىلىمدىن،
گۇزەل كەشتە توقۇيمەن.

جېنىم ئانا سەن ئۈچۈن،
ۋەتەن ئۈچۈن ئوقۇيمەن.

كۆنۈكمە:

1. شېئىرنى ھېسسىياتلىق ئوقۇشنى مەشق قىلىڭلار.
2. شېئىرنىڭ ئاخىرقى كۇپلېتىنىڭ مەزمۇنىنى سۆزلەپ بېرىڭلار.
3. شېئىرنى يادلىۋېلىڭلار.
4. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ ھەر بىرىدىن جۈملە تۈزۈڭلار.

ئانا، ھۆر ۋەتەن، قەدىردان

# ·14* زۇمرەت ۋە قىممەت

(چۆچەك)

بۇرۇنقى زاماندا بىر تەرىپى قېلىن جاڭگاللىق بىلەن تۇتىشىپ كەتكەن ساي بويىدا بىر بوۋاي بىلەن موماي ئۆتكەن ئىدىكەن. ئۇلارنىڭ 2 قىزى بولۇپ، بىرى بوۋاينىڭ قىزى — زۇمرەت، يەنە بىرى مومايىنىڭ قىزى قىممەت بىر ئۆيدە تۇرىدىكەن.

موماي ئۆگەي قىزى زۇمرەتنى ناھايىتى يامان كۆرىدىكەن. دائىم ئۇ قىزنى ئېغىر ئىشلارغا سالىدىكەن، تىللاپ، قاغايدىكەن، ھە دېسىلا ئۇرۇپ دۇشكەلەيدىكەن. زۇمرەت تولىمۇ چىرايلىق، ئەدەپلىك، دىلى يۇمشاق، ئەقىللىق ۋە ئىشچان قىز ئىكەن. شۇڭا ئۇنى بىر كۆرگەن ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا ئامراقلىقى كېلىدىكەن، سۆزلەشكەنسېرى سۆزلەشكۈسى كېلىدىكەن.

قىممەت بولسا زۇمرەتنىڭ پـۇتـۇنـلەي
ئەكسى بولۇپ، ئۇرۇشقاق، ھورۇن، بوشاڭ،
ھاكاۋۇر ۋە ئەقىلسىز قىز ئىكەن. ئـۇنـىـڭ
كۈنى ئۇرۇش - جېدەل ۋە يوقلا چاتاقلار-
نى چىقىرىش بىلەن ئۆتىدىكەن.

زۇمرەت تاڭ سەھەردە ئورنىدىن تۇ-
رۇپ، ساي ياقىلاپ بېرىپ، بۇلاقتىن سۇ ئې-
لىپ كېلىدىكەن. يول بويى ئېچىلىپ كەتكەن
تۈرلۈك - تۈمەن گۈللەر ئۇنىڭغا باشلىرىنى
ئېگىشىپ سالام بېرىدىكەن. زۇمرەت ئىشلەپ
ھېرىپ كۆپ - كۆك چىمەنلىك ئۈستىدە ئول-
تۇرۇپ دەم ئالغىنىدا، گۈللەر خوشال بولۇ-
شۇپ، ئۇنىڭ بىلەن شېرىن سۆھبەتلەرنى
قىلىپ، ئۇنى زېرىكتۈرمەيدىكەن. ئەمما مو-
ماينىڭ قىزى قىممەت گۈللەرگە دائىم ئازار
بېرىپ، يۇلۇپ، دەسسەپ - چەيلەگەچكە، گۈل-
لەر ئۇنى يامان كۆرىدىكەن، ئۇنى كۆرگەن-
دە قاپاقلىرىنى سېلىپ يۇمۇلۇۋالىدىكەن.

موماي بۇنى زۇمرەتتىن كۆرۈپ، ئـۇ-
نىڭغا تېخىمۇ ئۆچمەنلىك قىلىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە مـوماي زۇمـرەتنى
يامانلاپ بوۋايغا دوق قىلىپ:

— قىزىڭ ئەدەپسىز، ھورۇن، ئۇنى قوغلىۋەت، بولمىسا سېنىڭ بىلەن بىر كۈنمۇ بىللە تۇرالمايمەن، — دەپتۇ.

بوۋاي نىمە قىلىشىنى بىلمەي تەڭلىكتە قاپتۇ.

موماي:

— قىزىڭنى جاڭگاللىققا ئېلىپ بار ـ دە، تېنىتىپ تاشلاپ قايتىپ كەلگىن! قىزىڭ بىلەن بىللە تۇرۇشنى زادى خالىمايمەن، — دەپ يول كۆرسىتىپتۇ.

ئاخىرى بوۋاي نائىلاج قىزىنى جاڭگاللىققا ئېلىپ بېرىپتۇ ـ دە، قېلىن دەرەخلىك ئىچىدە توختاپ:

— قىزىم، سەن مەشەدە تۇرۇپ تۇرغىن، مەن ئوتۇن كېسىپ كېلىمەن، — دەپتۇ.

— ماقۇل دادا، — دەپتۇ زۇمرەت. بوۋاي كېتىپ قاپتۇ. زۇمرەت يالغۇز قاپتۇ. بىر دەمدىن كېيىن شامال چىقىشقا باشلاپتۇ.

بوۋاي پالتىسىنى يوغان بىر دەرەخكە ئېسىپ قويۇپ كەتكەن ئىكەن. پالتا كۈچلۈك شامالدا پۇلاڭشىپ دەرەخكە ئۇرۇلۇپ «توك-توك» ئاۋاز چىقىرىپتۇ. زۇمرەت «دادام ئو-



تۇن كېسىۋاتىدۇ» دەپ ئويلاپ، خېلىغىچە كۇتۇپتۇ. كەچمۇ كىرىپتۇ، شامالمۇ بېسىلىپ قاپتۇ، دادىسىدىن دېرەك بولماپتۇ. قىز جاڭ-گالدىكى كاككۇك گۇللەرنى تېرىپ يۇرۇپ بىردىنلا پالتا ئېسىلغان دەرەخ تۇۋىگە بې-رىپ قاپتۇ، قارىسا دادىسى يوق! قىز ھەر

تەرەپكە يۈگۈرۈپ دادىسىنى چاقىرىپ بېقىپ-
تۇ. ھېچقانداق سادا بولماپتۇ. ئۆزىنىڭ ئې-
زىقتۇرۇۋېتىلگەنلىكىنى سېزىپ، جىمجىت ئور-
ماندا قورقۇشقا باشلاپتۇ، يىغلاپتۇ، كەلگەن
يولىنى بىلەلمەي تەمتىرەپ قاپتۇ. ئاخىرى
بېشى قايغان تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ. قۇش-
لار سايرىشىپ، چىرايلىق ئېچىلغان گۈللەر
ئۇنىڭ يولىنى يورۇتۇپ، ئۇنى بەزلەپتۇ. ئۇ
قاراڭغۇ جاڭگالدا ئۇزاق مېڭىپتۇ، بىر ۋا-
قىتتا جاڭگالنىڭ بىر چېتىگە چىقىپ قاپتۇ.
ئۇزاق بىر يەردە پىلىلداپ تۇرغان چىراق
يورۇقىنى كۆرۈپتۇ ۋە ئىتلارنىڭ ھاۋشىغى-
نىنى ئاڭلاپتۇ - دە، شۇ تەرەپكە قاراپ مې-
ڭىپتۇ. بىر ھازادىن كېيىن، كىچىككىنە بىر
ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ قاپتۇ. ئۇ، ئۆينىڭ
دەرىزىسىدىن ئۆينىڭ ئىچىگە قارىسا، بىر
موماي يالغۇز ئولتۇرغان ئىكەن. قىز خۇ-
شال بولۇپ، سالام بېرىپ ئۆيگە كىرىپتۇ
ۋە موماي بىلەن كۆرۈشۈپ، بېشىدىن ئۆت-
كەنلەرنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ.

موماي مۇشۇ جاڭگالدا ياشايدىغان سې-
ھىرگەر موماي بولۇپ، قىزنىڭ ھالىغا ئېچى-

نىپتۇ، قىزنى ياقتۇرۇپ قاپتۇ ۋە ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ:

— رەنجىمە قىزىم، مەن ساڭا ياردەم بېرىمەن، — دەپتۇ.

— رەھمەت، — دەپتۇ قىز، — سىزنى ئۆز ئانامدەك كۆرۈپ، خىزمىتىڭىزنى قىلىشقا تەييارمەن.

شۇ ۋاقىتتا موماينىڭ ئۆگزىسىگە نۇرغۇن قۇشلار ئۇچۇپ كېلىپ، قىزنى ماختاپ قوشاقلارنى ئېيتىپ سايرىشىپتۇ. قۇشلارنىڭ تىلىنى بىلىدىغان بۇ موماي يەنىمۇ خوشال بولۇپ، قىزغا تېخىمۇ ئامراق بوپتۇ. ئۇنىڭغا دۇنيادا تېپىلمايدىغان كىتاپلارنى ۋە قوچاقلارنى تەقدىم قىپتۇ ۋە: «جېنىم قىزىم! مونچىغىم!» دەپ ئەركىلىتىپتۇ. ئوبدان تاماقلارنى ئېتىپ، قىزنى مېھمان قىپتۇ.

قىزمۇ موماينىڭ ئۆيىگە كەلگەن كۈندىن باشلاپلا، ئۆينى پاك ـ پاكىز تازىلاپ، دەرىزىلىرىنى سۈرتۈپ، ئۆينى يوپ ـ يورۇق قىلىۋېتىپتۇ.

بىر كۈنى موماي قىزغا ئاش قىلىپ بەرمەكچى بولۇپ:

— ئۆگزىدىن ئوتۇن ئېلىپ چۈشكىنە
قىزىم، — دەپتۇ.
قىز: «خوپ جېنىم ئانا» دەپتۇ ۋە دەر-
ھال ئۆگزىگە چىقىپتۇ. مومايىنىڭ ئۆگزىسى
ئېگىز بولۇپ، تۆت ئەتراپ ئېچىق كۆرۈنى-
دىكەن. قىز ئەتراپقا قاراپ، ئۆز ئۆيىنىڭ
ئۆگزىسىنى كۆرۈپ، يۈرىگى ئويناپ كېتىپ-
تۇ ۋە كۆڭلى يېرىم بولۇپ يىغلاپتۇ.
— نېمىشقا يىغلايسەن جېنىم قىزىم؟ —
دەپ سوراپتۇ موماي قىزنىڭ بېشىنى سى-
لاپ تۇرۇپ.
— كۆزۈمگە ئۆيىمىز كۆرۈندى، دادامنى
سېغىندىم، — دەپتۇ قىز. موماي ئۇنى بەز-
لەپتۇ، ئاش قىلىپ يېگۈزۈپتۇ. ئەتىسى ئەتى-
گەنلىگى موماي قىزغا:
— نەرسە-كېرەكلىرىڭنى يىغىشتۇر-
غىن، ئۆگزىدە قىزىل ۋە ئاق ساندۇق بار،
ئاق ساندۇقنى قالدۇرۇپ، قىزىل ساندۇق-
نى ئېلىپ چۈشكىن! — دەپتۇ. ئۆزى جاڭ-
گالغا كىرىپ كېتىپتۇ. زۇمرەت قىزىل سان-
دۇقنى ئېلىپ چۈشۈپتۇ. موماي جاڭگاللىق-
تىن سېرىق ئات قوشۇلغان بىر ھارۋىنى

يېتىلەپ چىقىپتۇ ـ دە، قىزنى ئۇنىڭغا ئول-
تۇرغۇزۇپتۇ، بىر ئاچقۇچنى بېرىپ:
— قىزىم، ساندۇقنى ئۆيگە بارغاندا
ئاچقىن، — دەپ تاپىلاپتۇ.
قىز موماي بىلەن خوشلىشىپ مېڭىپتۇ.
ھارۋا كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقىچە قىزنى ئۆز
ئۆيىگە ئېلىپ كەپتۇ. بوۋاي قىزىنىڭ دەردىدە
كۆزىنى ياشلاپ، ئىشىكنىڭ ئالدىدا ئول-
تۇرغان ئىكەن.
— سالام دادا، — دەپتۇ قىز، دادىسى-
نىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى تاشلاپ. بوۋاي قىزى-
نى كۆرۈپ شۇنداق خوشال بوپتىكى، كۆز-
لىرىدىن ئىختىيارسىز ياش تۆكۈپ ساقاللى-
رىنى نەمدەپتۇ ۋە قىزىدىن ئەپۇ سوراپتۇ.
قىز دادىسى بىلەن ئۆيگە كىرىپ، سان-
دۇقنى ئېچىپتۇ.
— پاھ!
ھەممە ھەيرانلىقتىن داڭ قېتىپ قاپتۇ.
ساندۇقتا ئاجايىپ ئېسىل ماللار لىقمۇ ـ لىق
بولۇپ، زۇمرەتنىڭ پۈتۈن ئۆمرىگە يېتىپ
ئاشىدىكەن. بۇنى كۆرۈپ يالماۋۇز مومايىنىڭ
ئۆڭى ئۆچۈپ، ئىچى ئاداپ كېتىپتۇ. ئۇ بو-

ۋايغا ئۆزىنىڭ قىزى قىممەتنىمۇ دەرھال جاڭ-
گالغا ئاپىرىپ ئىزدىتتۇرۇپ كېلىشىنى بۇيرۇپ-
تۇ. بۇۋاي بىردەمنىڭ ئىچىدە قىممەتنى
جاڭگالدا ئىزدىتتۇرۇۋېتىپ كەپتۇ.

كەچ كىرگەندە، قىممەت خۇددى زۇم-
رەتكە ئوخشاش پالتا ئېسىلغان دەرەخ تۈ-
ۋىگە بېرىپ قاپتۇ. ئۇ ھۆكىرەپ يىغلاپتۇ،
لېكىن ئۇنى نە گۈللەر، نە قۇشلار بەزلە-
مەپتۇ، پەقەت ھۇقۇشلار ھۇۋلاپتۇ. قىممەت
قورقۇپ جاڭگالدىن قېچىپ چىقىپ، سېھىر-
گەر موماينىڭ ئۆيىگە كېلىپ قاپتۇ. موماي
ئۇنى خۇشخۇي قارشى ئاپتۇ ۋە بەزلەپتۇ.

— ساڭا ياردەم بېرىمەن، — دەپتۇ.

ئەمما قىممەت مومايغا ياخشى سۆز تې-
پىپ ئېيتالماپتۇ. ئۇ ئەتىدىن - كەچكىچە
ھورۇنلۇق قىلىپ ئولتۇرۇۋېرىپتۇ. ئۆينى
ئەخلەت، دەرىزىنى توپا - چاڭ بېسىپ، ئۆي-
گە يورۇق چۈشمەيدىغان بولۇپ كېتىپتۇ.

بىر كۈنى موماي جاڭگاللىقتىن قايتىپ
كېلىپ:

— ئۆگزىگە چىقىپ ئوتۇن ئېلىپ چۈش-
كىنە قىزىم! — دەپتۇ.

— ئۆزدىگىز ئېلىپ چۈشمەمسىز، مالىيد-
گىز بارمۇ، — دەپتۇ قىز.
موماي ناھايىتى خاپا بولغان بولسىمۇ
قىزنى ئالداپ ـ سالداپ ئۆگزىگە چىقىرىپ-
تۇ. قىز ئۆگزىدىن ئوتۇن ئېلىپ چۈشمەي،
يىغلاشقا باشلاپتۇ.
موماي:
— نىمىشقا يىغلايسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.
— ئۆيۈمنى كۆرۈپ قالدىم، كېتىمەن! —
دەپ زەردە بىلەن يەرنى تېپىپ يىغلاپتۇ قىز.
— ناھايىتى ئوبدان، — دەپتۇ موماي، —
ئۆگزىدىكى ساندۇقنى ئېلىپ چۈش!
قىممەت ساندۇقنى ئېلىپ چۈشۈپتۇ.
موماي ئاچقۇچنى بېرىپتۇ ۋە:
— ساندۇقنى ئۆيۈڭگە بېرىپ ئاچ، —
دەپ تاپىلاپتۇ.
قىز يىغىسىنى توختىتىپ، خوشال بولۇپ،
ساندۇقنى مۈرىسىگە ئارتىپ مېڭىپتۇ. موماي
ئۇنىڭغا ھارۋىمۇ بەرمەپتۇ. ئۇ، يىقىلىپ ـ
سۈرۈلۈپ مىڭ تەسلىكتە ئۆيىگە يېتىپ كەپتۇ.
ئانىسى قىزنى كۆرۈپ قىن ـ قىنىغا
پاتماي قاپتۇ. ساندۇقنى ئاچقىلى قويماي،

ئۇستىگە يېتىۋاپتۇ.

يېرىم كېچە بولغاندا ئانىسى بىلەن قىز
ئىشىك - تۈڭلۈكنى ئېتىپ ساندۇقنى
ئېچىپتۇ.

— ۋاي دات، قۇتۇلدۇرۇڭلار! ئەجدىھا!...

ساندۇقتا ئىككى ئەجدىھا ياتقان ئىكەن.
ئانىسى بىلەن قىزى دات - پەرياد قىلىپ
قېچىپتۇ، لېكىن تاشقىرىغا چىقىشقا ئۈلگۈ-
رەلمەي قاپتۇ. ئىككى ئەجدىھا جادىگەر مو-
ماي ۋە ئۇنىڭ ئۇرۇشقاق قىزىنى يەپ، دە-
رىزىدىن چىقىپ كۆزدىن غايىپ بوپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن ئاق كۆڭۈل زۇمرەت
بىلەن دادىسى خاتىرجەم — تىنچ ئۆمۈر سۈ-
رۈپ ئۆتۈپتۇ.

كۆنۈكمە:

1. تېكىستنى ئوقۇڭلار ھەمدە تۆۋەندىكى سوئاللارغا
جاۋاپ بېرىڭلار:

1) زۇمرەت كىم؟ ئۇ قانداق قىز؟ قىممەتچۇ؟

2) سېھىرگەر موماي نېمە ئۈچۈن زۇمرەتنى ياخشى
كۆرۈپ قالدى؟ ئۇنىڭغا نېمە بەردى؟

3) سېھىرگەر موماي نېمە ئۈچۈن قىممەتكە ئەجدىھا
قاچىلانغان ساندۇقنى بەردى؟

2. تېكىستنى ئوقۇپ، ئوتتۇرىسىغا سىزىقچە ( ـ ) قو-يۇلغان سۆزلەرنى تېپىپ كۆچۈرۈڭلار ھەمدە نىمە ئۈچۈن ئۇ-لارنىڭ ئوتتۇرىسىغا سىزىقچە قويۇلغانلىغىغا دىققەت قىلىڭلار.

3. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى تېكىست مەزمۇنىغا ئاساسەن كېڭەيتىپ يېزىڭلار.

1) قىز مېڭىپتۇ.

2) ھارۋا يېتىپ كەپتۇ.

3) بوۋاي ئولتۇرغان ئىكەن.

4) قۇشلار سايرىشىپتۇ.

5) ئەجدىھا جادىگەر موماي بىلەن ئۇ-نىڭ ئۇرۇشقاق قىزىنى يەپتۇ.

4. چۆچەكنى تەپسىلى ھالدا قايتا بايان قىلىپ بېرىڭلار.

# 15. ئورنى كىم كولسا، ئۆزى چۈشەر

(چۆچەك)

بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشا ئۆتكەن ئىكەن. ئۇ ھەر كۈنى ئىشقا چۈشكەندە ئالدى بىلەن دانىشمەنلەرنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئاقىلانە مەسلىھەتلىرىنى ئاڭلايدىكەن، بۇ ئۇنىڭ ئادىتىگە ئايلانغان ئىكەن.

ئەنە شۇ يۇرتتا غەيۇر ئىسىملىك بىر دانىشمەن بار ئىكەن. ئۇ ھەر كۈنى پادىشانىڭ ئالدىغا كىرگەندە تۈپ - تۈزلا:

— ئەي شاھىم، بىرئاز پۇقراپەرۋەر بولساڭچۇ، — دەپلا كەينىگە يانىدىكەن.

پادىشا دانىشمەننىڭ بۇ سۆزىنى كۆڭلىدە قوبۇل قىلىپ، ئوردا ئەمەلدارلىرىنىڭ پۇقرالارغا يامانلىق قىلغان - قىلمىغانلىقىنى ھەر كۈنى دىگۈدەك سۈرۈشتۈرىدىكەن. دانىشمەنمۇ ھەر كۈنى كىرىپ، يۇقۇرقى شۇ

سۆزنى تەكرارلاپ تۇرىدىكەن. بۇنىڭغا چىد-
دىمىغان بىر ۋەزىر بىر كۈنى پادىشاغا:

— ئەي جاھاننىڭ ئاپتىۋى، ئۇلۇغ شاھىم! ھېلىقى دانىشمەننىڭ جاناپلىرىنى كۆزگە ئىلماي قىلىۋاتقان ئەدەپسىزلىكلىرىگە چىداپ تۇرالمىدىم. پاسىۋانىم، ئىجازەت قىلسىلا ئېيتىدىغان گېپىم بار ئىدى، — دەپتۇ.

پادىشا ئېيتىشقا ئىجازەت قىپتۇ.

— ھېلىقى نىمە دانىشمەن دەپ ھۆرمەت قىلغانلىرىنى بىلمەي، كوچىغا چىقىپ، «پادىشانىڭ تېنى سېسىقكەن» دىگەن گەپنى تارقىتىپتۇ. بۇ بەدبەخنىڭ جاناپلىرى ئالدىدا قىلىۋاتقان ئەدەپسىزلىكلىرىلا يېتەرلىك ئىدى. بۇنىڭغا چارە قىلمىساق، بۇنىڭدىن ھەر بالا كەلگۈسى، قۇللىرىنىڭ گېپىگە ئىشەنمىسىلە، دانىشمەنگە: «يېقىن كېلىپ سۆزلە» دەيدىغان بولسىلا، ئۇ تۇمشۇغىنى ئېتىپ سۆزلەيدۇ، — دەپتۇ.

پادىشا بۇ گەپكە بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي، ئەتىسى دانىشمەننى سىناپ باقماقچى بوپتۇ.

ۋەزىر ئۆز گېپىنىڭ توغرا چىقىشى ئۈچۈن بىر ھىلە ئويلاپ قويغان ئىكەن. ئەتىسى دانىشمەن ئادىتى بويىچە پادىشانىڭ ئالدىغا كىرىپ:

— ئەي شاھ، بىرئاز پۇقراپەرۋەر، خەلقپەرۋەر بولساڭچۇ، — دەپتۇ.

پادىشا ئەتەيىن:

— يېقىنراق كېلىپ سۆزلە، گېپىڭنى ئاڭلىمىدىم، — دەپتۇ.

دانىشمەن پادىشاغا يېقىن كېلىپ، ئاغزىنى قولى بىلەن توساپ تۇرۇپ سۆزىنى تەكرارلاپتۇ. پادىشا كۆڭلىدە ۋەزىرنىڭ گېپىنىڭ توغرىلىقىغا ئىشىنىپتۇ-دە، دانىشمەننى جازالىماق بوپتۇ.

پادىشا ئادىتى بويىچە ئىنئام بەرسە يارلىقنى ئۆزى يېزىپ، پېچەتلەپ، ئۇنى ئېلىپ بارىدىغان جاينى كۆرسىتىپ بېرىدىكەن. شۇ ۋەجىدىن دانىشمەنگىمۇ يارلىق سېلىنغان بىر لىپاپىنى ئۇزىتىپتۇ. دانىشمەن ئۇنى قولىغا ئېلىپ چىقىپ كېتىپتۇ. ئوردىدىن چىقسا ھىلىقى ۋەزىر ئۇچراپ:

— دانىشمەن، قايتىپلا، — دەپتۇ-دە،

دانىشمەننىڭ قولىدىكى لىپاپىغا كـۆزى چۈ-
شۈپ، ئاچكۆزلىشىپتۇ، ۋەزىـرنىڭ كـۆزىگە
لىپاپا مۇكاپات لىپاپىسىدەك كـۆرۈنۈپـتۇ،
خوشامەتكۈيلۇق بىلەن:

— مۇبارەك بولسۇن! — دەپتۇ.

مال - دۇنياغا قىزىقمايدىغان دانىشمەن:

— ماڭـا پۇل كېرەك ئەمەس، كـېرەك
بولـسا بۇنى سىلى ئالسىلا، — دەپ لىپاپىنى
ۋەزىرگە ئۇزىتىپتۇ. ۋەزىـر تازىـم قىـلىپ
لىپاپىنى ئېلىپتۇ- دە، خوشلىشىپ ئالدىراش
مېڭىپتۇ. ۋەزىر نۇرغۇن مۇكاپات ئالىدىغان
بولدۇم، دەپ خوشاللىنىپ، خەتنى ئاپىرىدى-
غان جايغا تاپشۇرغان ئىكەن، دەرھاللا كال-
لىسى ئېلىنىپتۇ.

بىر كۈن ئۆتۈپ، دانىشمەن يەنە پادى-
شانىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئادىتى بويىچە گېپى-
نى تەكرارلاپ قايتماقچى بولغانـدا، پـادىشا
دانىشمەننى توختىتىپ:

— سەن قانداق قىلىپ ساق قالدىڭ؟ —
دەپتۇ.

ھەيران بولغان دانىشمەن، بولغان ئىش-
نى سۆزلەپ بەرگەن ئىكەن، تـاقەتسىزلـەن-
گەن پادىشا:

— ھەي، مېنىڭ ۋەزىرىم ناھەق ئۆ-
لۈپتۇ، — دەپ غەزەپلىنىپتۇ.

تېخىمۇ ھەيرانلىقتا قالغان دانىشمەن
ئىشىنىڭ تېگىنى تەپسىلى سوراپ بىلگەندىن
كېيىن، پادىشاغا مۇنۇلارنى سۆزلەپ
بېرىپتۇ:

— مەن تۈنۈگۈن ئادىتىم بويىچە ئور-
دىغا كېلىۋاتسام، ۋەزىر ئۇچراپ چايغا تەك-
لىپ قىلدى. ئۆيىگە كىرسەم، تاماق ئېتىپتۇ،
تاماققا سامساقنى ئىنتايىن كۆپ سېلىپتۇ،
ئىچمەي دېسەم بولمىدى، سامساقنى كۆپ
يېگەنلىكىمدىن، سىلىنىڭ ئالدىلىرىغا كەل-
گەندە، مەندىن سامساق پۇرىمىسۇن دەپ،
قولۇم بىلەن ئاغزىمنى توسىۋالغان ئىدىم.
ۋەزىر ماڭا قەست قىلىمەن دەپ، ئاقىۋەت
ئۆز بېشىغا چىقتى، «ئورىنى كەم كولىسا،
ئۆزى چۈشەر» دېگەن مانا مۇشۇ، — دەپتۇ.

پادىشا دانىشمەننىڭ ئېيتقانلىرىنى سۈ-
رۈشتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ توغرىلى-
غىنى ۋە ئىشىنىڭ تەكتىنى چۈشىنىپ، دانىش-
مەننى ۋەزىرلىككە تەيىنلەپتۇ.

كۆنۈكمە:

1. چۆچەكنى ئوقۇپ چىقىپ، قايتا بايان قىلىڭلار.

2. چۆچەكتىن ئۆزەڭلار چۈشەنمىگەن سۆزلەرنى ئايرىپ يېزىپ چىقىڭلار ۋە مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىڭلار.

3. «ئورنى كىم كولىسا، ئۆزى چۈشەر» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى نىمە؟ تېكىستتىكى ئەمەلىي پاكىتلار ئارقىلىق سۆزلەپ بېرىڭلار.

4. تۆۋەندىكى ماقال - تەمسىللەرنىڭ مەزمۇنىنى «زۇمرەت ۋە قىممەت»، «ئورنى كىم كولىسا، ئۆزى چۈشەر» دېگەن تېكىستلەرنىڭ مەزمۇنى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ چۈشىنىۋېلىڭلار.

ياخشىدىن ئۆگەن،
ياماندىن يىرگەن.
كىشىگە قىلساڭ يامانلىق،
ئۆزەڭگە تاپمايسەن ئامانلىق.

# 16. خاسىيەتلىك قار

قىش باشلىنىش بىلەنلا، لەپىلدەپ قار ياغدى.



تۈنۈگۈن چۈشتە، زەھەردەك سوغاق
شامال چىقىشقا باشلىدى. شامال چۈشتىن
كېيىنمۇ توختىماي ۋىژىلداپ تۇردى. گۈگۈم
ۋاقتىدا، چوڭ ـ چوڭ قار ئۇچقۇنلىرى تۇمان-
لىق ئاسماندىن لەيلەپ چۈشۈشكە باشلى-
دى. بىر دەمنىڭ ئىچىدە، تاغ ـ دەريالار، دا-
لىلار، يېزا ـ قىشلاقلارنى ئاپپاق قار
قاپلىدى.

قار كېچىچە توختىماي قاتتىق ياغدى.

بۈگۈن ئەتىگەندە، قار توختىدى. ھا-
ۋا ئېچىلدى. قۇياش قاردىن كېيىنكى كەڭ
دالىنى ئىنتايىن كۆركەم قىلىپ نۇرلاندۇ-
رۇۋەتتى. بىپايان دالا ئاپپاق قارغا پۈر-
كەنگەن، ھەيۋەتلىك تاغلار كۈمۈش تونغا
ئورالغان. شىمالنىڭ بۇ مەنزىرىسى نىمىد-
گەن گۈزەل ۋە ھەيۋەتلىك. بۇ مول ھو-
سۇلدىن دېرەك بېرىپ كىشىنى خوشاللاندۇ-
رىدىغان خاسىيەتلىك قار مەنزىرىسى نىمى-
دىگەن كۆركەم ـ ھە!

قىشتا بۇغداينى 3 قېتىم قار باسسا،
كېلەر يىلى مەمۇرچىلىق بولىدۇ، دىگەن
تەمسىل بار. تەجرىبىلىك پىشقەدەم دىخانلار

بىپايان دالىنى قاپلاپ ياتقان قىلىن قارغا قاراپ، خوشاللىغىدىن دىللىرى سۆيۈنۈپ توختىماي: «ياخشى ياققان قار! ياخشى ياققان قار!» دىيىشەتتى.

باللار قاردىن قار بوۋاي ياسىشاتتى. ئۇلار بىر-بىرىگە قار ئېتىشاتتى، يۈگۈرۈشەتتى، بىر-بىرىنى قوغلىشاتتى. جاراڭلىق كۈلكە ئاۋازى تاغلىق كەنتتە ياڭرايتتى.

كۆنۈكمە:

1. تېكىستنى ئۈنلۈك ئوقۇڭلار.

2. نىمە ئۈچۈن «قىشتا بۇغدايىنى ئۈچ قېتىم قار باسسا، كېلەر يىلى مەمۇرچىلىق بولىدۇ» دەيمىز؟

3. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىڭلار ھەمدە ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە بىردىن جۈملە تۈزۈڭلار.

بىپايان، خاسيەتلىك، مەنزىرە، مەمۇرچىلىق

4. كۆپ چېكىتلەرنىڭ ئورنىغا مۇۋاپىق سۆزلەرنى قويۇپ، تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار.

1) ...سوغاق شامال چىقىشقا باشلىدى.

2) بىپايان دالا... پۈركەنگەن.

3) ھەيۋەتلىك تاغلار... تونغا ئورالغان.

4) كىشىنى خوشاللاندۇرىدىغان ... قار

مەنزىرىسى نىمىدىگەن ...
5) بالىلارنىڭ ... ئاۋازلىرى ياڭرايتتى.

5. ئۆۋەندىكى تېپىشماقنى تېپىپ، جاۋاۋىنى يېزىڭلار.

شېكەر دىسەم تاتلىق ئەمەس،
ئاق تۇز دىسەم ئاچچىق ئەمەس.
قىشتا كۆكتىن چۈشىدۇ،
يازدا كۆزگە كۆرۈنمەس.

## *17. قار

كېپىنەكتەك ئاپپاق قار،
كۆكتە ئۇزۇپ ئوينىدى.
بىر پەستىلا مەكتەپنى،
ئاق مامۇققا ئورىدى.

دەل - دەرەخلەر تاقىدى،
مەرۋايىتتەك ئاق بىزەك.
قاماشتۇرۇپ كۆزلەرنى،
زوقلاندۇرار ئاق چىچەك.

قىزىپ كەتتى مەكتەپتە،
قىزغىن ئەمگەك بەس - بەستە.
سۈپۈرۈلۈپ ئاپپاق قار،
دۆۋىلەندى بىر پەستە.

ياساپ چىقتۇق قار بىلەن،
ئاپپاق ساقال قىش بوۋاي.

## ئەتراپىنى ئايلىنىپ،
## ناخشا ئېيتتۇق لايلى - لاي.

**كۆنۈكمە:**

1. شېئىرنى دېكلاماتسىيە قىلىپ ئوقۇشنى مەشق قىلىڭلار.

2. شېئىردا قار نىمىلەرگە ئوخشىتىلىپ تەسۋىرلەنگەن؟

3. قار ياققاندا مەكتەپ مۇھىتىنىڭ قانداق تۈس ئالغانلىغىنى، مەكتەپ مەيدانىدا قانداق جانلىنىش بارلىققا كەلگەنلىگىنى سۆزلەپ بېرىڭلار.

4. تۆۋەندىكى سۆزلەرنى جۈملە ئىچىدە كەلتۈرۈڭلار، ئۇ سۆزلەر تۈزگەن جۈملىلىرىڭلاردا ئوخشىتىش بولسۇن. كېپىنەك، مامۇق، مەرۋايىت، چېچەك

## 18. شۇرغاندا

قىش. ھاۋا تۇتۇق، كۆن ئانچىلا سو-
غاق ئەمەس ئىدى. ئۆيلىرى تەرتىپلىك سى-
لىنغان بوستان مەھەللىسىدە ھەركەت سە-
ھەردىلا جانلاندى. ئاردىلاپ - ئاردىلاپ ئې-
رىقتىن سۇ ئېلىپ ئۆيلىرىگە كىرىپ كېتى-
ۋاتقان ئاياللار، قورالاردىن بىر - ئىككى-
لەپ چىقىۋاتقان ماللار كۆرۈندى. ئوتۇن
توشۇيدىغان ئات - ئېشەكلەرنىڭ بەزىلىرى
ئىگەرلىنىپ، بەزىلىرى ھارۋىلارغا قېتىلاتـ-
تى. ھەممە قورالارنىڭ ئالدىدا ئۇششاق مال-
لار چۆپ ئىزلەپ يۈگۈرەيتتى. ئۇلار ئىسسىق
ئېغىللاردىن چىقىپ، تۇياقلىرى توڭغا تەگ-
كەنلىكتىن، ئاياقلىرىنى ئىبرىنچەكلىك بىلەن
يۆتكىشەتتى. بەزىلىرى سوغاق تەككەنلىك-
تىنمۇ، توختىماستىنلا پۇشقۇرتاتتى. ھەسەن-
نىڭ دادىسى ئالدىدا تۇرغان قوش مۈڭگۈز-
لۈك سەركىنى تۇتۇۋالدى - دە: «ھاي! مۇ-

نۇنىڭ بۇرنى پۈتۈپ قاپتۇ، تۇز بېرىۋەتكىنە!» دەپ ۋاقىرىدى.

ئەنە قورا چۆرىسىدە قۇشقاچلار توپلىشىپ يۈرىدۇ. ئېرىق بويىدىكى ئالما شېخىدا تۈكلىرىنى ھۆرپەيتىپ، ئىككى سېغىزخان ئولتۇرىدۇ. ئۇلار: «بۈگۈن ئالا ئۆكۈز چىقمايدىغۇ؟ بىر ئاز تېپچەكلىتىپ قويساق بولاتتى» دېگەندەك شاراقلاپ قويۇشىدۇ.

— ھەي، سەن ھېچنېمىدىن بىغەم تۇرىسەنغۇ؟ — دەپ ۋاقىرىدى ئېتىنى سۇغىرىۋاتقان قادىرغا ھەسەن. ئۇنىڭ ئاۋازىدىن ئالما شېخىدا تۇرغان سېغىزخانلار چۆچۈپ، لىپ قىلىپ يۇقۇرىغا قوندى.

ھەسەن چاي ئىچىپ چىققىچە ھاۋا ئۆزگىرىپ قالغان ئىدى. سەل - پەل تۇمانلىشىپ تۇرغان ھاۋادا سوغاق شامال پەيدا بولدى - دە، ئارقىدىن قار چۈشۈشكە باشلىدى. ھەسەن قادىرنى ئۆيىدىن قىچقىرىپ چىققىچە قار تېخىمۇ كۈچەيگەن ئىدى. شىمال شامىلى سوغاقنى يەنىمۇ كۈچەيتىۋەتتى.

— جۇدۇن باشلىنىپ كەتمىسە بولاتتىغۇ؟ — دېدى قادىر.

— بەلكىم، كۆن ئېچىلىپ كېتەر. ئىك-
كىمىزنىڭلا ئۆيى مەكتەپتىن يىراق، باشقى-
لار قانداقلا قىلىسا مەكتەپكە بارىدۇ، بىر
كۈنمۇ ئوقۇشتىن قالمايدۇ. بىزمۇ مەكتەپ-
تىن زادى قالماسلىقىمىز لازىم! — ھەسەن
شۇ سۆزلەرنى ئېيتتى - دە، مېڭىشنىڭ تەي-
يارلىقىنى قىلدى. ئۇلار مەھەللىدىن چىقىپ،
تاغنىڭ تۇمشۇقىدىن ئايلانغاندا شۇىرغان
كۈچىيىپ كەتتى. قار ئۇلارنىڭ يۈزلىرىگە
ئۇرۇلۇشقا باشلىدى. قىقاس سېلىپ شۇىر-
غان بۇ ئىككى بالىنى ئورىۋالدى. جۇۋا كى-
يىپ، ئۈستىدىن بەلۋاغ بىلەن چىڭ باغلى-
ۋالغان بولسىمۇ، ئۇلار زەھەردەك سوغاقتا توڭ-
لاشقا باشلىدى. بىر - بىرىنى مەھكەم قول-
تۇقلىشىۋالغان بولسىمۇ، شۇىرغان ئۇلارنى
ئۆز ئىختىيارى مېڭىشقا قويمايتتى. ئۇلار چا-
نا يولىنىڭ بىلىنەر - بىلىنمەس قالغان ئى-
زى بىلەن ماڭدى. بەزى يەرلەردە بولسا
قار دۆۋىلىرى كۆتىرىلگەن، «ئادىشىپ كەت-
مىسەك بولاتتىغۇ!» دېيىشەتتى ئىككى دوست
بىر - بىرىگە.

شۇىرغان بارغانسېرى كۈچىيىشكە باش-

لىدى. ئاچچىق چىقىراپ ۋىژىلداپ، ئۇياق-
تىن - بۇياقتىن يۆگىلىپ چىققان شۇۋىر-
غان باللارنى «كەينىڭگە قايت!» دېگەندەك،
بولمىسا ئۇلارنى تۇنجۇقتۇرماقچى بولغان-
دەك سېزىلەتتى. شۇۋىرغان باللارنى ھال-
سىزلاندۇرۇۋەتتى. ئەمما بۇ ئىككى بالا «زا-
دى چېكىنمەيمىز» دەپ شۇۋىرغاننى يېرىپ
باراتتى. ئەينەك ئۇۋاقلىرىدەك مۇز پارچى-
لىرى شىپ - شىپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ بويۇن-
لىرىدىن كىرىشكە باشلىدى. ئۇلار سوغاق-
تىن تاسىمىدەك كۆكىرىپ، قوللىرى قولاشماي
قالدى. ئەمما «يېڭىلمەيمىز» دېگەن تۇيغۇ بۇ
كىچىككىنە ئىككى بالىنى ھامان ئالغا ئىن-
تىلدۇرەتتى. ئاخىرى بۇ ئىككى بالا ئالدى-
دىن ئۇرغان دەھشەتلىك شۇۋىرغاننى بۆ-
سۈپ ئۆتۈپ مەكتەپكە يېتىپ كەلدى.

— ئوھ ... ھو، باتۇرلار! — دەپ
چۇۋۇلداشتى سىنىپداشلىرى ئۇلارنى كۆ-
رۈپ. شۇۋىرغاننىڭ كۈچەيگەنلىكىنى كۆر-
گەن ھەسەننىڭ دادىسى ئۇلاردىن ئەنسى-
رەپ، باللىرىنىڭ كەينىدىن يولغا چىققان

ئىدى. بالىلار سىنىپىغا كىرىپ ئولتۇرغىچە، ئۇمۇ يېتىپ كەلدى.



— سالامەت يېتىپ كەلدىڭلارمۇ بالىلا-رىم، — دېدى ئۇ، خوشال بولۇپ.

كۆنۈكمە:

1. تېكىستنى ئۈنلۈك ۋە راۋان ئوقۇڭلار.

2. بوستان مەھەللىسىدە ئەتىگەنلىكى ھەركەت قانـداق جانلاندى؟

3. ئەتىگەندە ھاۋا قانداق ئىدى؟ ھەسـەن بىلەن قا-دىر مەكتەپكە ماڭغاندا ھاۋادا قانداق ئۆزگىرىش بولدى؟

4. شىۋىرغان باللارغا قانداق قىيىنچىلىق تۇغدۇردى؟ باللار نىمىشقا ئۇنىڭغا بوي بەرمىدى؟

5. تېكىستنى ئىچىڭلاردا ئوقۇپ چىقىپ، شىۋىرغاننىڭ باللارنىڭ مېڭىشىغا قىيىنچىلىق تۇغـدۇرغانلىـغى ئىپادىلەنـگەن جۈملىلەرنى تېپىپ، دەپتىرىڭلارغا كۆچۈرۈۋېلىڭلار.

## 19. چوڭ قارلىق تاغ

چوڭ قارلىق تاغ سىچۋەن ئۆلكىسى-
نىڭ غەربىگە جايلاشقان. ئۇ يەردە نە ئادى-
مىزات، نە گىيا ۋە دەل - دەرەخ يوق، ھەت-
تا چىغىر يولمۇ يوق. بىر يىلنىڭ 4 پەسلى-
دە تاغنى قېلىن قار قاپلاپ تۇرىدۇ. يازدا،
باشقا جايلاردا ئىسسىققا چىدىماي ئۆزىڭىز-
نى يەلپۈسىڭىز، چوڭ قارلىق تاغدا بولسا
يەنىلا لەپىلدەپ قار يېغىپ، سۆڭەكتىن ئۆت-
كۈدەك سوغاق بولۇپ تۇرىدۇ.

قىزىل ئارمىيە جياڭشى ئۆلكىسىدىن
يولغا چىقىپ، 8 ئاي يول ماڭدى. ئۇلارنىڭ
كىيىم - كېچەكلىرى يىرتىلىپ، چىغ چورۇق-
لىرىنىڭ جۇلۇغى چىقىپ كەتتى. مۇشۇنداق
ئەھۋالدا بۇنداق قارلىق تاغدىن ئۇلار قان-
داقمۇ ئۆتەر؟ ئەمما ھەرقانداق قىيىنچىلىق
قەھرىمان قىزىل ئارمىيىنى توساپ قالالمايت-
تى. شىمالغا يۈرۈش قىلىپ ياپون باسقۇن-

چىلىرىغا قارشى تۇرۇش ۋە ئەكسىيەتچىلەر-
نى يوقىتىش ئۈچۈن، قىزىل ئارمىيە ۋەھشى
دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلىشى، شۇنداقلا نا-
چار تەبىئىي شارائىت بىلەنمۇ جەڭ قىلىشى
كېرەك ئىدى. قىزىل ئارمىيە چوڭ قارلىق
تاغنى بوي سۇندۇرۇپ، ئۇنىڭدىن ئۆتۈشى
كېرەك ئىدى.



چوڭ قوشۇن قارلىق تاغ ئېتىكىگە يې-
تىپ كېلىدۇ، جەڭچىلەر كىيىشكە بولىدىغان
ھەممە كىيىم - كېچەكلىرىنى كىيىشىۋالىدۇ.
ئەدىيىلى بارلار ئەدىيىلىنى يېپىنچاقلىۋالىدۇ،
كىلىيونكىسى بارلار كىلىيونكىنى بېشىغا ئار-
تىۋالىدۇ. بەزى جەڭچىلەر بىر ئاز لاتا پار-
چىلىرى ۋە قۇرۇق ئوت - چۆپ تېپىپ،
پاختىلىق خەي قاتارىدا پۇتىغا يۆگىۋالىدۇ؛
يەنە بەزى جەڭچىلەر بىرەر پارچە قوي تې-
رىسى تېپىپ، جۇۋا ئورنىدا ئۇستىگە يېپىن-
ۋالىدۇ.

لازا سۇيى قان ئايلىنىشقا تەسىر كۆر-
سىتىپ، بەدەننى قىزىتىدىغان، بۇنىڭ بىلەن
تاغدىكى سوغاق شامالغا بەرداشلىق بەرگى-
لى بولىدىغان بولغاچقا، تاققا چىقىشتىن بۇ-
رۇن، ھەر بىر جەڭچى بىر چىنە لازا سۇيى
ئىچىۋالىدۇ.

قىزىل ئارمىيە يولغا چىقىدۇ. بىرىنىڭ
كەينىدىن بىرى، بىر قوشۇنىنىڭ كەينىدىن يەنە
بىر قوشۇن ئىز بېسىپ، ئاپپاق قار بىلەن قاپ-
لانغان چوڭ قارلىق تاققا قاراپ ئىلگىرى-
لەيدۇ.

شامال قار ئۇچقۇنلىرىنى ئۇچۇرۇپ، گويا كى بەيگىگە چۈشكەن تۈمەنلىگەن ئارغىماقلاردەك تاغ چوققىسىدىن ھۇشقۇتۇپ كېلىپ، جەڭچىلەرگە ئۇرۇلۇپ ئۇلارنىڭ تىك تۇرۇشىغا ئىمكانىيەت بەرمەيدۇ. قارا بۇلۇت مۆلدۈر ئېلىپ كېلىدۇ. مۆلدۈر ئاشپەز كۆتىرىپ كېتىۋاتقان تۈنكە تۇڭغا تېگىپ، ئۇنى داراڭلىتىدۇ. مۆلدۈر ئەمدىلا ئۆتۈپ كېتىشى بىلەنلا قاتتىق يامغۇر ياغىدۇ. يامغۇر كىيىم - كېچەكلەرنى، ھەتتا جەڭچىلەرنىڭ پۈتۈن بەدىنىنى سۇ قىلىۋېتىدۇ. قەھرىمان قىزىل ئارمىيە جەڭچىلىرى تىزغىچە قار كېچىپ، قەدەممۇ - قەدەم ئالغا ئىلگىرىلەپ، تاغ چوققىسىغا قاراپ يامىشىدۇ.

تاغ چوققىسىغا يېقىنلاشقانسېرى سوغاق تېخىمۇ كۈچىيىدۇ، ھاۋا بارغانچە شالاڭلىشىدۇ، بۇنىڭ بىلەن نەپەس ئېلىشمۇ بارغانچە قىيىنلىشىدۇ. نۇرغۇن جەڭچىلەر مۇزلىغانلىغىدىن كالپۇكلىرى تاتىرىپ، چىشلىرى كاسىلداپ كېتىدۇ. ئۇلارنىڭ ياشراقلىرى قىرىراقلىرىنى، بەدىنى كۈچلۈكرەكلىرى ئاجىزراقلىرىنى يۆلەپ ماڭىدۇ. ئەرلەر بولسا ئايال-

لارنى يېتىلەپ ماڭىدۇ. شاكىچىكلەر ئاتلارنىڭ
قۇيرۇغىغا ئېسىلىۋالىدۇ. ماڭايلى! ماڭايلى! چوڭ
قارلىق تاغدىن ئۆتۈشنىڭ ئۆزى غەلىبە!

قىزىل ئارمىيىنىڭ تەشۋىقات ئەترىتىدى-
دىكىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ياش ۋە قاۋۇل يى-
گىتلەر ئىدى. ئۇلار تاغ قاپتىلىدا تۇرۇپ،
داقا – دۇمباق چېلىپ، قىزىل بايراقنى لەپىل-
دىتىپ، كۆپچىلىكنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە
ئىلھام بېرىدۇ.

نەچچە ئون مىڭلىغان قىزىل ئارمىيە
جەڭچىلىرى قىزىل بايراقتا، رەئىس ماۋزې-
دۇڭغا ئەگىشىپ، ئاپپاق قار بىلەن قاپلان-
غان قارلىق تاغدا ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ. ئۇ-
لار ئەتىگەندىن تاكى گۇگۇم چۈشكىچە ئال-
غا ئىلگىرىلەپ، ئاخىرى بىرىنچى قېتىم ئۇچ-
رىغان چوڭ قارلىق تاغ — جياجىنشەن تې-
غىدىن ھالقىپ ئۆتىدۇ.

جياجىنشەن تېغى ئېتىكىدە داۋېي نام-
لىق بىر كىچىك بازار بار ئىدى. 4 – يۈ-
نۇلۇش ئارمىيىسىنىڭ ئالدىن ئەۋەتىلگەن
قوشۇنى بۇ جايدا جياڭشى ئۆلكىسىدىن يول-
غا چىققان مەركىزىي قىزىل ئارمىيىنى كۈتۈپ

تۇرۇۋاتاتتى. شۇنداق قىلىپ، قىزىل ئارمىيە-نىڭ ئىككى قوشۇنى چوڭ قارلىق تاغ ئېتە-گىدە ئۇچرىشىدۇ. كۆپچىلىك خوشاللىقىدىن سەكرىشىپ، ناخشا ئېيتىشىدۇ، شاتلىق سا-دالىرىنى ياڭرىتىدۇ، بىر - بىرى بىلەن قۇ-چاقلىشىدۇ، كۆزلىرىدىن خوشاللىق ياشلىرى-نى ئېقىتىدۇ.

كۆنۈكمە:

1. تېكىستنى پىششىق ئوقۇپ، تۆۋەندىكى سوئاللار-غا جاۋاپ بېرىڭلار:

1) چوڭ قارلىق تاغ نەگە جايلاشقان؟ ئۇ قانداق تاغ؟

2) قىزىل ئارمىيە نىمە ئۈچۈن چوڭ قارلىق تاغدىن ئۆت-مەكچى بولدى؟

3) قىزىل ئارمىيە چوڭ قارلىق تاغدىن ئۆتۈش جەر-يانىدا قانداق قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرىدى ۋە ئۇ قىيىنچىلىقلار-نى قانداق يەڭدى؟

2. «قىزىل ئارمىيە يولغا چىقىدۇ» دىگەن يەردىن «چوڭ قارلىق تاغدىن ئۆتۈشنىڭ ئۆزى غەلىبە»دىگەن يەر-گىچە ياد ئىملا قىلىپ يېزىڭلار.

3. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىڭلار:

ناچار تەبىئى شارائىت، بەرداشلىق بېرىش، تاغ قاپ-تىلى

# 20. لوشىڭجياۋ

1952 - يىلى 1 - ئايىنىڭ 2 - كۈنى ئەتىگەن، چاۋشيەنىنىڭ شىنتيەنلى دىگەن يېرىدىكى تاغ-دالىسىنى قېلىن قار قاپلىغان بولۇپ، چاۋشيەنلىك كىچىك دوستلاردىن بىرقانچىسى دەريادا مۇز تېيىلىۋاتاتتى. تۇيۇق-سىز غاراسلىغان ئاۋاز بىلەن تەڭ، مۇز يېرىلىدۇ - دە، بىر بالا ۋاقىرىغان پېتى مۇزنىڭ ئاستىغا كىرىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ھەمرالىرى قورققىنىدىن يىغلاشقا باشلايدۇ.

جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسمىنىڭ جەڭ-چىسى لوشىڭجياۋ دەل شۇ ۋاقىتتا ئەنە شۇ جايدىن ئۆتۈپ قالىدۇ. ئۇ ۋاقىرىغان ئاۋاز-نى ئاڭلاپ، بىرەر ئەھۋال يۈز بەرگەنلىگى-نى بىلىدۇ - دە، شۇ ھامان دەريا بويىغا قاراپ يۈگۈرىدۇ. ئۇ ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كېلىۋېتىپ پاختىلىق چاپىنىنى سالىدۇ. مۇز ئويۇلغان جايدىن بۇلدۇقلاپ سۇ چىقىپ

تۇراتتى، لوشېڭجياۋ سۇغا سەكرەپ چۈشـ
دۇ. مۇز ئاستىدىكى سۇنىڭ ئېقىمى ناھايىتى
تېز بولغاچقا، بالىنى قەيەرگە ئېقىتىپ
كەتكەنلىكىنى بىلىشكە بولمايتتى. ئۇ سۇنىڭ
ئىچىدە بىر ھازا ئىزلىگەن بولسىمۇ
تاپالمايدۇ.

لوشېڭجياۋ سۇدىن بېشىنى چىقىرىپ
نەپەس ئېلىۋالىدۇ - دە، دەرھال يەنە شۇڭ-
غۇپ كىرىپ كېتىدۇ. باللار مۇزنىڭ ئويۇل-
غان يېرىدىكە تەقەززالىق بىلەن تىكىلىپ
تۇرۇشىدۇ. بىر دەمدىن كېيىن، سۇنىڭ يۈزى
داۋالغۇپ، كىچىك ئىككى قول، ئارقىدىنلا
بالىنىڭ بېشى كۆرۈنىدۇ. لوشېڭجياۋ بالىنى
كۆتىرىپ چىقىرىدۇ. بالا ئىككى بىلىكى
بىلەن مۇزغا تايىنىپ، كۆچەپ يۇقۇرىغا
يامىشىدۇ. كۆتۈلمىگەندە يوغان بىر پارچە
مۇز غاراسلاپ سۇنۇپ، بالا سۇغا يەنە چۈ-
شۈپ كېتىدۇ.

لوشېڭجياۋ سۇدىن بېشىنى چىقىرىدۇ،
مۇزلىغىنىدىن ئۇنىڭ يۈزلىرى كۆكىرىپ
كەتكەن ئىدى. ئۇ چوڭقۇر نەپەس ئېلىۋېلىپ،
سۇغا ئۈچىنچى قېتىم شۇڭغۇپ كىرىپ كې-

تىدۇ. بىر ھازا ئۆتكەندىن كېيىن، بالىنىڭ
سۇ يۈزىگە ئاستا چىقىۋاتقانلىقى كۆرۈندۇ.
بۇ قېتىمدا لوشېڭجياۋ بالىنى بېشى ۋە مۈ-
رىسى بىلەن ئېتتىرىپ چىقىرىدۇ. بالا قۇت-
قۇزۇلىدۇ، لوشېڭجياۋ پۈتۈنلەي ماغدۇرىدىن
كېتىپ شەرەپلىك ھالدا قۇربان بولىدۇ.

قۇتقۇزۇلغان بالىنىڭ ئىسمى سۇيىيىڭ
ئىدى. چاۋشيەن خەلقى لوشېڭجياۋنى خاتى-
رىلەش ئۈچۈن، ئۇنى شېتيەنلىگە دەپنە
قىلىدۇ. ئۇنىڭ قەۋرىسىنىڭ ئالدىدا ناھايىتى
ئېگىز بىر پارچە خاتىرە تاش بولۇپ،
خاتىرە تاشقا چاۋشيەن خەلقىنىڭ ئۇلۇغ
داھىيسى يولداش كىم ئىرسىنىڭ: «ئىنقىلا-
ۋىي قۇربان لوشېڭجياۋنىڭ ئىنتېرناتسىئو-
نالىلىق روھى چاۋشيەندە مەڭگۈ ياشايدۇ»
دەپ ئۆز قەلىمى بىلەن يازغان بېغىشلىمىسى
ئويۇلغان.

كۆنۈكمە:

1. تېكىستنى ئىچىڭلاردا ئوقۇپ، ئابزاسلارغا بۆلۈڭلار ھەمدە ھەر بىر ئابزاسنىڭ مەزمۇنىنى قىسقىچە بايان قىلىپ بېرىڭلار.

2. لوشيڭجياۋ ئىككىنچى قېتىم سۇغا كىرگەندە بالىنى سۇ ئۈستىگە قانداق چىقاردى، ئۈچىنچى قېتىمدىچۇ؟ بۇ ئىككى قېتىملىق ئەھۋالدا قانداق ئوخشىماسلىق بار؟ نېمە ئۈچۈن؟

3. بىز لوشيڭجياۋنىڭ قايسى ئالىجاناپ روھىدىن ئۈگىنىشىمىز لازىم؟

4. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىپ، ئۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جۈملىلەرنى تۈزۈڭلار.

تەقەززالىق، كۈتۈلمىگەندە، شەرەپلىك

## *21. دەپتەرلەرنىڭ سۆھبىتى

بىر كۈن جىمجىت كېچىدە،
ئىش ئۈستىلى ئۈستىدە،
سۆھبەت بوپتۇ ئۆزئارا،
دەپتەرلەرنىڭ ئىچىدە.

بۇ دەپتەرلەر زوق بىلەن.
بىر دەپتەرنى ماختاپتۇ.
ھەممە بىردەك ئۇنىڭدىن،
شۇنداق سوئال سوراپتۇ:

«سۆزلەپ بەرگىن دوستىمىز،
سەندە بەك زور ئۆزگىرىش.
ناچار ئىدىڭ ئىلگىرى،
تاپتىڭ قانداق يۈكسىلىش؟»

شۇ چاغ كۆركەم بۇ دەپتەر،
ئۆز سۆزىنى باشلاپتۇ.

ئۆز كەچۈرمىشلىرىنى،
ئوتتۇرىغا تاشلاپتۇ:

«بۇرۇن ئىگەم سەمەتجان،
بەكمۇ بەڭۋاش شوخ ئىدى.
ئۇنىڭ ياخشى ئۇگىنىش،
مەقسىدىمۇ يوق ئىدى.

تاپشۇرۇقنى ئىشلەيتتى،
باشقىلاردىن كۆچۈرۈپ.
ئۆز پېتىمۇ يازالماي،
قالايمىقان ئۆچۈرۈپ.

يازار ئىدى ئىگىز – پەس،
قۇرلىرىمغا قارىماي.
ۋارىغىمنى يىرتاتتى،
يازغانلىرى يارىماي.

قوشۇلاتتىم سىنىپتا،
دەپتەرلەرنىڭ سېپىگە.
لېكىن چىقىپ قالاتتىم،
ئۇستەلنىڭ بىر چېتىگە.

خاتا جاينى تۈزىتىپ،
زېرىكمەيتتى مۇئەللىم.
كۈندە سۆزلەپ سەمەتكە،
تېرىكمەيتتى مۇئەللىم.

تەنقىتلىنىپ ھەمىشە
قايتۇرۇلسام ئۇنىڭغا،
پەرۋا قىلماي سەمەتجان،
كېتەر ئىدى ئويۇنغا.

قاراڭ بۈگۈن بەتلىرىدىم،
شۇنچە رەتلىك يېزىلغان.
ھەر قېتىمدا يۈز نومۇر،
مەرۋايىتتەك تىزىلغان.

ئىگەم سەمەت بەكمۇ تېز —
بەخۇۋاشلىقنى تاشلىدى.
ئاق قەغەزدە سىرتىمنى،
بىر چىرايلىق تاشلىدى.

ئىشخانىغا شۇخلاشقا،
كۈندە خوشال كىرىمەن.

رازى بولغاچ مۇئەللىم،
شاتلىنىمەن كۆلىمەن.»

ئاخلاپ بۇنى دەپتەرلەر،
سەمەتجاننى ماختاشتى.
بۇ دەپتەرنىڭ كۆكسىگە،
قىزىل گۈللەر تاقاشتى.

كۆنۈكمە:

1. شېئىرنى راۋان، ھېسسىياتلىق ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭلار.

2. سەمەتجان ئاۋال دەپتىرىنى قانداق تۇتاتتى؟ كېيىن ئۇنىڭ دەپتىرىدە قانداق ئۆزگىرىشلەر بولدى؟

3. باشقا دەپتەرلەر نېمە ئۈچۈن سەمەتجاننىڭ دەپتىرىنى ماختاشتى ۋە ئۇنىڭ كۆكسىگە گۈل تاقىدى؟

4. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىڭلار، ئاستى سىزىلغان سۆزلەرنىڭ ھەر بىرىگە بىردىن جۈملە تۈزۈڭلار.

يۈكسىلىش، كەچۈرمىش، رازى بولۇش، شاتلىنىش، پەرۋا قىلماسلىق

## 22. گۈل بەرگىدەك

گۈلنىڭ قات - قات بەرگىدەك،
مېنىڭ ھەر بىر دەپتىرىم.
بەرگىدىكى شەبنەمدەك،
چاقنار گۈزەل خەتلىرىم.

گۈلنى ھەركىم گۈزەل دەپ،
چېكىسىگە قىسىدۇ.
ئۇنىڭ خۇشبۇيى ھىدىدىن،
قەلبى ئىلھام قۇچىدۇ.

باقسام كىتاپ، دەپتەرگە،
مېھرىم قايناپ - تاشىدۇ.
پەن - بىلىمگە ھەۋەسىم،
كۈچىيىدۇ، ئاشىدۇ.
قەدىرلەيمەن شۇڭلاشقا،
گۈل بەرگىدەك كىتاپنى.
كىتاپ بەرگەن بىلىمدىن،
چاقنىتىمەن ئىجاتنى.

كۆنۈكمە:

1. شېئىرنى ئۈنلۈك، ھېسسىياتلىق ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭلار.

2. شېئىردا كىتاپ، دەپتەرلەرنىڭ رەتلىك بەتلىرى ھەم دەپتەرگە رەتلىك يېزىلغان خەتلەر نىمىگە ئوخشىتىلغان؟

3. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىڭلار ھەمدە ئاستى سىزىلغان سۆزلەرنىڭ ھەر بىرىگە بىردىن جۈملە تۈزۈڭلار.

گۈل بەرگى، شەبنەم، ھىدى، ئىلھام قۇچۇش، ھەۋەس

4. شېئىرنى يادلىۋېلىڭلار.

## 23. لېنىن ماقالىنى قانداق يازاتتى

لېنىن ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاندا، دەرستە ئىنتايىن ياخشى ئىدى. ھەر خىل پەنلەردىكى نەتىجىسى ئەلا بولۇپ، يىلمۇ-يىل 1-دەرىجىلىك مۇكاپات ئالاتتى. ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن چاغدىمۇ ئالتۇن مېدال ئالغان. ئۇ بۇ چاغدا 17 ياشتا ئىدى.



ئوقۇتقۇچى ئائىلىدە يېزىپ كېلىشكە
تاپشۇرغان ماقالىلارنىڭ ۋاقتىنى ھەممىشە
ئىككى ھەپتە قىلىپ بەلگىلەيتتى. نۇرغۇن-
لىغان ساۋاقداشلار دائىم كېچىكتۈرۈپ، تاپ-
شۇرىدىغان كۈنىنىڭ ئالدىنقى ئاخشىمىلا
ئالدىراپ - تېنەپ يازاتتى. لېكىن ئۇنداق
قىلمايتتى، ئۇ ئوقۇتقۇچى ماقالا تېمىلىرىنى
بەلگىلەپ بەرگەن كۈنىلا يېزىشقا كىرىشەت-
تى. ئۇ ئالدى بىلەن يازىدىغان ماقالىسىنىڭ
تېزىسىنى ياخشى تۈزۈۋېلىپ، ئاندىن دەس-
لەپكى نۇسخىسىنى يازاتتى، تېزىس يازىدى-
غان قەغەزنى بويىغا قاتلاپ، ئىككى ئىس-
تونغا بۆلۈپ، سول تەرەپتىكى ئىستونغا
دەسلەپكى نۇسخىسىنى يازاتتى ھەمدە تې-
زىس تەرتىۋى بويىچە دەسلەپكى نۇسخىغا
نومۇر قوياتتى. ئوڭ تەرەپتىكى ئىستونغا
نۇرغۇنلىغان نەقىللەر ياكى تولۇقلايدىغان
يېڭى مەزمۇنلارنى يازاتتى. لېكىن دەسلەپ-
كى نۇسخىنى قېرىنداش بىلەن يازاتتى. ئۇ
قېرىنداشنى ئۇچلۇق ئۇچلىغاچقا، دەسلەپكى
نۇسخىنىڭ خەتلىرى ئوچۇق ھەم چىرايلىق
چىقاتتى، ماقالىنى تاپشۇرۇشقا ئاز قالغاندا،

ئۇ ئوڭ تەرەپ ئىستوندىكى ماتىرىياللارغا ئاساسەن دەسلەپكى نۇسخىنى ئۆزگەرتىپ، باشقا قەغەزگە يەنە يازاتتى. ئەڭ ئاخىردا، ئۇ ئۆزگەرتىلىپ بولغان نۇسخىنى ماقالا يازدىدىغان دەپتىرىگە ئوچۇق قىلىپ كۆچۈرەتتى.

لېنىن ئوقۇغان ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇدىرى لېنىننىڭ تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ، ئۇ ھەمىشە لېنىننىڭ يازغان ماقالىلىرىنى ئالاھىدە ماختايتتى. ئۇ لېنىننىڭ ئانىسىغا: لېنىننىڭ ماقالىنى دائىم باش قاتۇرۇپ، ئىنتايىن ئەتراپلىق ئويلاپ يازدىغانلىغىنى، يازغان ماقالىلىرىنىڭ مەزمۇنى مول، بايان قىلىنىشى ئىنتايىن ئېنىق ۋە ئىخچام ئىكەنلىگىنى ئېيتقان ئىدى.

كۆنۈكمە:

1. تېكىستنى ئىچىڭلاردا ئوقۇپ چىقىڭلار.

2. لېنىن ئوتتۇرا مەكتەپتە قانداق ئوقۇيتتى؟ ئۇ ماقالىنى قانداق يازاتتى؟

3. لېنىننىڭ قايسى تەرەپلىرى بىزنىڭ ئۆگىنىشىمىزگە ئەرزىيدۇ؟

4. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىڭلار.

ئىستون، نۇسخا، تېزىس، نەقىل، ئىخچام، مول

5. مۇنۇ سۆزلەرنى قوللىنىپ جۈملە تۈزۈڭلار:
...ئالدى بىلەن... ئاندىن... ئاخىرىدا

6. تۆۋەندىكى سۆزلەرگە مەنىسى ئوخشاش ھەم مەنە جەھەتتىن يېقىن سۆزلەرنى يېزىڭلار.
ئىخچام، مول

7. تۆۋەندىكى پارچىنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار، تىنىش بەلگىلىرى قويۇلمىغان ئورۇنلارغا تېگىشلىك تىنىش بەلگىلىرىنى قويۇڭلار.

زالغا نۇرغۇن كىشىلەر يىغىلىدۇ ئۇلار ئۆزئارا : «لېنىن نەدىدۇ نىمىشقا كەلمىگەنىدۇ» دەپ سورىشىدۇ شۇ ئەسنادا بىر كىشى دەرىزىدىن سىرتقا قاراپ: «قاراڭلار ئاۋۇ كىشى لېنىن ئەمەسمۇ ئۇ بىر كىچىك بالا بىلەن سىرتتا ئويناۋاتىدۇ» دەيدۇ كىشىلەر دەرىزە ئالدىغا گۇررىدە كېلىپ بۇ ھالنى كۆرىدۇ ھىلىقى ئىشچى بالىسىنىڭ لېنىن بىلەن بىللە ئويناۋاتقانلىغىنى كۆرۈپ ئىنتايىن ھاياجانلىنىپ: «ھوي بۇ كىشى ئەسلىدە لېنىن ئىكەندە نىمىدىگەن ئاددى نىمىدىگەن قىزغىن كىشى ھە ئۇ تېخى ئوغلۇمغا شۇنچە چىرايلىق ئويۇنچۇق ئېلىپ بېرىپتۇ» دەيدۇ

## 24. شامال چاقپەلىگى ياساش
## ھەققىدە ھىكايە

بۇنىڭدىن 200 يىل بۇرۇن ئەنگلىيىدە نيۇتون دىگەن ئۇلۇغ بىر ئالىم ئۆتكەن.

نيۇتون دىخان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا، قول ھۈنەر ئىشى قىلىشقا ئىنتايىن ئامراق ئىدى. مومىسى بەرگەن پارچە-پۇرات پۇللارنى يىغىپ، ھەرە، مىخ، بولقا، ئۈشكە قاتارلىق نەرسىلەرنى سېتىۋالاتتى. ئۇ ھەر كۈنى قول ھۈنەر ئىشى بىلەن ئالدىراش بولغاچقا، ئۈگىنىش نەتىجىسىمۇ ئانچە ياخشى ئەمەس ئىدى.

بىر كۈنى نيۇتون مەكتەپتىن ئۆيىگە قايتىپ كىلىۋىتىپ، كەنتنىڭ يىنىدا بىر شامال تۈگمىنىنى قۇراشتۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆردۇ. ئۇ توختاپ ئۇنىڭغا سىنچىلاپ قاراپ قىلىپ، ئۆيىگە قايتىشنى ئۇنتۇپ

قالغىلى تاس قالدۇ. كېيىن ھەر كۈنى مەكتەپتىن قايتقاندا، ئۇ شۇ يەرگە بېرىپ بىر پەس قاراپ تۇردۇ. شامال تۈگمىنى پۈتىدۇ. نيۇتون موممىسىغا ياردەملىشىپ بىر خالتا بۇغداينى يۈدۈپ ئۇن تارتىشقا باردى. شامال چاقپەلىگىنىڭ تۈگمەن تېشىنى قانداق ئايلاندۇرۇۋاتقانلىقىنى، ئاپپاق ئۇننىڭ تۈگمەن تېشىنىڭ ئەتراپىدىن چېچىلىپ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆردى. نيۇتون موممىسىغا:

— موما، قايتقاندىن كېيىن مەنمۇ بىرنى ياسايمەن، — دەيدۇ.

نيۇتون ھەر كۈنى مەكتەپتىن كەلگەندىن كېيىن، ئۆيگە كىرىۋېلىپ، بىر نەرسىلەرنى تاك - تۇك قىلىپ مىخلاپ، قانداقتۇ بىر نەرسىنى ياساش بىلەن ئالدىراش بولىدۇ. بىرقانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، بىر كىچىك شامال چاقپەلىگى پۈتۈپ چىقىدۇ، يەلپۈگۈچ بىلەن يەلپۈسە، چاقپەلەك پىر قىلىپ چۆگىلەيدۇ. موممىسى ئۇنىڭغا:

— سېنىڭ بۇ شامال تۈگمىنىڭدە ئۇن تارتقىلى بولامدۇ؟ — دەپ سورىغاندا نيۇتون گۆدەكلەرچە «بولىدۇ» دەپ جاۋاپ

بېرىپ، مومىسىنى كۈلدۈرۈۋېتىدۇ.
ئىككىنچى كۈنى نيۇتون بۇ كىچىك شامال چاقپەلىگىنى مەكتەپكە ئېلىپ بېرىپ، پارتىسىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ قويىدۇ. ساۋاقداشلارنىڭ ھەممىسى چۆرىدىشىپ كۆرىدۇ. نيۇتون مەمنۇنلۇق بىلەن شامال چاقپەلىگىنى ئايلاندۇرغاندا، كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى بىر ئېغىزدىن ماختىشىدۇ. دەل شۇ چاغدا ساۋاقدىشى كات ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن:
— نيۇتون، شامال چاقپەلىگىڭ نېمە ئۈچۈن ئايلىنالايدۇ، سەن بۇنىڭ قائىدىسىنى سۆزلەپ بېرەلەمسەن؟ — دەپ سورايدۇ.
«قائىدە؟» نيۇتون ئەزەلدىن بۇنى ئويلاپمۇ باقمىغان، قول ئىشى قىلىشتا قائىدىسىنى بىلىش كېرەكمىكىنە. كات نيۇتونغا قاراپلا تۇرۇۋالىدۇ، ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ:
— ياساشنىلا بىلىش — ھەيران قالغۇدەك نەرسە ئەمەس، قائىدىسىنى سۆزلەپ بېرەلمەسلىك، ھەقىقەتەن كۈلكىلىك - تە! — دېيىشى بىلەنلا ساۋاقداشلار پاراققىدە كۈلۈشۈپ كېتىدۇ. كىمدۇ بىرى بىر ئىتتىرىشى ھامان بۇ كىچىككىنە شامال چاقپەلىگى

يەرگە چۈشۈپ سۇنۇپ كېتىدۇ.

نيۇتوننىڭ يۈزى ھۇپپىدە قىزىرىپ كېتىدۇ. ئۇ سۇنۇپ كەتكەن شامال چاقپەلەگىنى تىردۇۋالىدۇ. ئۇنىڭ كۆڭلى ئىنتايىن بىئارام بولغان بولسىمۇ، ئەمما كۆزىدىن بىر تامچىمۇ ياش ئېقىتمايدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ نيۇتون ئۆگىنىشكە بەل باغلايدۇ. ھەرقانداق مەسىلىگە دۇچكەلسە ئۇ نېمە ئۈچۈن دېگەن سوئالنى قويىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇ بارا - بارا قېتىرقىنىپ ئۆگىنىش ئادىتىنى يېتىلدۈردۇ.

كۆنۈكمە:

1. تېكىستنى پىششىق ئوقۇپ، تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاپ بېرىڭلار:

1) نيۇتوننىڭ كىچىك ۋاقتىدا قول ھۈنەرگە قىزىققانلىغىنى قايسى تەرەپلەردىن كۆرگىلى بولىدۇ؟

2) نيۇتوننىڭ كىچىك شامال چاقپەلىگى قانداق ياسالغان؟

3) ساۋاقداشلىرى كىچىك شامال چاقپەلىگىگە نىسبەتەن قانداق قاراشتا بولدى؟ كاتتىنىڭ پىكرى توغرىمۇ - خاتا؟

4) شامال چاقپەلىگى بۇزۇۋېتىلگەندىن كېيىن نيۇتوننىڭ

ھەسسىياتىدا قانداق ئۆزگىرىش بولدى؟ كېيىن ئۇ قانداق قىلدى؟

2. كۆپ چېكىتلەرنىڭ ئورنىغا بېرىلگەن سۆزلەرنىڭ مۇۋاپىقلىرىنى قويۇپ، تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار.

1) ئەخمەت ئىشچى ئائىلىسىدە ... كەلدى.

2) مەن تامىدىكى سۈرەتكە ... قارىغىنىمچە خېلى ۋاقىت تۇرۇپ قالدىم.

3) مەن ئوقۇتقۇچىنىڭ سوئالىغا تولۇق جاۋاپ بېرەلمەي ئىنتايىن ... بولدۇم.

4) سانىيەم بارا ـ بارا ... ئۇگىنىش ئادىتىنى يېتىلدۈردى.

**كېرەكلىك سۆزلەر:** بىئارام، قېتىرقىنىپ، سىنچىلاپ، دۇنياغا كېلىش

3. تېكىستنىڭ ئاخىرقى ئابزاسىنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار.

## 25. لى شىجىن

لى شىجىن مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە يا-
شىغان ئۇلۇغ تىبىبى ئالىم ۋە دورىشۇناس
ئىدى. ئۇنىڭ ئائىلىسى ئەۋلاتمۇ - ئەۋلات
تىۋىپلىق قىلىپ كەلگەن. ئۇنىڭ دادىسى
كەمبەغەللەرنىڭ كېسىلىنى كۆرگەندە ھەق
ئالمايتتى. لى شىجىن تىۋىپلارنىڭ ئۆلۈم
ئاغزىدىكىلەرنى قۇتقۇزالايدىغانلىقىنى، ئاغ-
رىقلارغا ياردەم كۆرسىتەلەيدىغانلىقىنى،
ئۇلارنى ئازاپتىن قۇتقۇزالايدىغانلىقىنى ئۆز
كۆزى بىلەن كۆرۈپ، كەمبەغەللەرنىڭ كېسى-
لىنى داۋالاش ئىرادىسىنى تىكلىگەن.

ئۇ ۋاقىتلاردا تىۋىپلىق كىشىلەر كۆز-
گە ئىلمايدىغان كەسىپ ئىدى. لى شىجىننىڭ
دادىسى ئوغلىنىڭمۇ تىۋىپ بولۇشىنى خالى-
مايتتى، لېكىن لى شىجىن دادىسىدىن كۆڭۈل
قويۇپ ئۆگەندى، شۇنىڭدەك ئۆزى نۇرغۇن-
لىغان رېتسېپلارنى يازدى. بىر قېتىم، دادى-

سى داۋالاش تەس بولغان بىر ئاغرىققا
دۇچكېلىپ، بىر مەھەل شىپالىق رېتسېپ تا-
پالماي قالغان. لى شىجېن ئۇنىڭغا پەس
ئاۋاز بىلەن قەدىمقى بىر رېتسېپنى ئېيتىپ
بەرگەن. دادىسى بۇنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ دەل
شۇ كېسەلگە شىپالىق دورا ئىكەنلىكىنى ھېس
قىلغان. شۇندىن كېيىن، دادىسى ئۇنىڭ تې-
ۋىپلىقنى ئۆگىنىشىگە قوشۇلغان. ئۇ 22 يې-
شىدا كىشىلەرنىڭ كېسىلىنى كۆرۈشكە
باشلىغان.

لى شىجېن بىر تەرەپتىن تىۋىپلىق قى-
لىپ، يەنە بىر تەرەپتىن دورا ئۆسۈملۈكلى-
رىنى تەتقىق قىلغان. ئۇ كونا دورا ئۆسۈم-
لۈكلىرى كىتاۋىدا نۇرغۇنلىغان يېتەرسىز-
لىكلەرنىڭ بارلىقىنى سەزگەن. ئۇنىڭدا نۇر-
غۇنلىغان پايدىلىق دورا ئۆسۈملۈكلىرى خا-
تىرىلەنمىگەن ئىدى. بەزى دورا ئۆسۈملۈك-
لىرىنىڭ نامىلا خاتىرىلىنىپ، ئۇنىڭ شەكلى
ۋە ئۆسۈش ئەھۋالى خاتىرىلەنمىگەن، يەنە
بەزى دورا ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ داۋا بولىدى-
غان تەرىپى ۋە ئۇنۇمى خاتا يېزىلغان ئىدى.
ئۇ، كېسەل كىشى دورىنى خاتا يەپ قويسا،

چۇ نىمىدىگەن خەتەرلىك ـ ھە، دەپ ئويلى-
غان، شۇنىڭ بىلەن يېڭىدىن بىر قــەدەر مۇ-
كەممەلرەك بولغان دورا ئۆسۈملۈكلىرى كىتا-
ۋىنى تۈزۈپ چىقىشقا بەل باغلىغان.

لى شىجېن بۇ كىتاپنى يېزىپ چــىقىش ئۈچۈن، كېسەل داۋالاش جەريانىدا تەجرىبە توپلاشقا دىققەت قىلىپلا قالماستــىن، يــەنە ئۆزى ھەرقايسى جايلارغا بېرىپ، دورا ئۆ-سۈملۈكلىرىنى يىققان. ئۇ تاغلارنىڭ ئېگىز بولۇشى، يوللارنىڭ يىراق بولۇشىدىن قورق-ماي، قاتتىق سوغاق، تومۇز ئىسسىقلىرىدىنمۇ قورقماي، دورا ئۆسۈملـۈكلىرى چىقىدىغــان مەشھۇر تاغلارنى كېزىپ چىققان. ئۇ بەزىدە بىر نەچچە كۈنلەرگىچە تاغدىن چۈشمەي يۈر-گەن، قوسقى ئاچسا ئېلىۋالغان نان ـ پانلى-رىنى يېگەن، كەچ بولسا تاغدا تۈنــەپ قال-غان. ئۇ نۇرغۇن دورا ئۆسۈملۈكلــىرىنى ئۆزى ئېتىپ كۆرۈپ، ئۇنىڭ شىپالــىق تەرىپى ۋە ئۇنۇمىگە ھۆكۈم قىلغان. ئۇ 10 مىڭچە چا-قىرىم يول مېڭــىپ، مىڭلــىغان تىۋىپــلارنى، پىشقەدەم دېخانلارنى، بېلىقچىلار ۋە ئــوۋ-چىلارنى زىيارەت قىلىپ، ئۇلاردىن كــىتاپتا



بولمىغان نۇرغۇنلىغان بىلىملەرنى ئۆگىنىۋالغان.

بىر نەچچە يىلدىن كېيىن، ئۇ ئەسلى يۇرتى خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ چىچۇڭگە قايتىپ كېلىپ، كىتاب يېزىشقا باشلىغان. ئۇ توپ-توغرا 27 يىل سەرپ قىلىپ، ئەڭ ئاخىرى بىر مەشھۇر دورا ئۆسۈملۈكلىرى كىتاۋى — «دورا ئۆسۈملۈكلىرى»نى يېزىپ چىققان. بۇ كىتاب بىر مىليون خەتتىن (خەنزۇچە خەت) ئارتۇق بولۇپ، ئۇنىڭدا 1800 — 1900 خىل دورا ئۆسۈملۈكلىرى خاتىرىلەنگەن. بۇ جۇڭيى دورىلىرى كىتابلىرى ئىچىدە ئۇلۇغ بىر ئەسەردۇر. ئۇ بىر نەچچە دۆلەتلەرنىڭ تىلىغا

# تەرجىمە قىلىنىپ، دۇنياغا تارقالغان.

**كۆنۈكمە:**

1. لى شىجېن نېمە ئۈچۈن بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان دورا ئۆسۈملۈكلىرى كىتاۋىنى يازدى؟ ئۇ كىتاپنى يېزىشتىن ئىلگىرى قانداق تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلىگەن؟

2. تېكىستنى ئىچىڭلاردا ئوقۇپ، تۆۋەندىكى مەزمۇنلار بويىچە ئۇنى ئابزاسلارغا بۆلۈپ چىقىڭلار.

1) كەمبەغەللەرنىڭ كېسىلىنى داۋالاش ئىرادىسىنى تىكلەش.

2) دادىسىدىن تېۋىپلىق ئۆگىنىش.

3) «دورا ئۆسۈملۈكلىرى» نى يېزىپ چىقىش.

3. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىڭلار.

دورىشۇناس، رېتسېپ، شىپالىق، تەتقىق قىلىش، زىيارەت قىلىش

# سۆز قالدۇرۇش خېتى

بىز بىرەر ئىش بىلەن بىراۋنى ئىز-لەپ بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشەلمىسەك، باشقىلار ئارقىلىق ئۇ ئىشنى يەتكۈزگەندە ئېنىق بولماي قالامدىكىن دەپ ئەندىشە قىل-ساق ئۇنىڭغا خەت قالدۇرۇپ قويساقمۇ بو-لىدۇ. مانا شۇ خەت، سۆز قالدۇرۇش خېتى دېيىلىدۇ.

سۆز قالدۇرۇش خېتىدە ئالدى بىلەن خەتنىڭ كىمگە تېگىشلىك ئىكەنلىكى، ئاندىن قانداق ئىش بارلىقى يېزىلىدۇ، ئەڭ ئاخى-رىدا خەت قالدۇرغۇچىنىڭ ئىسىم پەمىلىسى ۋە خەت يېزىلغان ۋاقىت (يىل، ئاي، كۈن) يېزىلىدۇ.

## سۆز قالدۇرۇش خېتى

ساۋاقداش ئۆمەر:

سىزنى ئىزلەپ كەلسەم، سىرتقا چىقىپ

كېتىپسەن، ئەتە (يەكشەنبە) چۈشتىن كېيىن شىنجياڭ خەلق رادىيو ئىستانسىسىغا بېرىپ، ئۆسمۈرلەر پىروگىراممىسى ئۈچۈن تەييار-لىغان شېئىرلىرىمىزنى ئوقۇماقچى بولدۇق. ئۆزەڭنىڭ يازغان شېئىرىڭنى ئېلىپ، سا-ئەت 2 بىلەن مەكتەپكە بارغىن. يىغىلىپ بىللە بارىمىز.

ساۋاقدىشىڭ ئەنۋەر روزى

1984 - يىل 12 - ئاينىڭ 25 - كۈنى

**كۆنۈكمە:**

1. سۆز قالدۇرۇش خېتى دېگەن نىمە؟ ئۇ نىمە ئۈ-چۈن يېزىلىدۇ؟

2. سۆز قالدۇرۇش خېتى قانداق يېزىلىدۇ؟

3. ئۆلگىدىن پايدىلىنىپ، ھەر بىرىڭلار بىر پارچىدىن سۆز قالدۇرۇش خېتى يېزىڭلار.

## 264. يۈتكەن پالتا

بىر ئادەم پالتىسىنى يوقىتىپ قويۇپ، خوشنىسىنى ئوغرىلىۋالدى، دەپ گۇمان قىپتۇ. ئۇ خوشنىسىغا قارىسا چىرايىدىن، مېڭىش - تۇرۇشىدىن، گەپ - سۆزىدىن خۇددى پالتىنى ئوغرىلىۋالغاندەك كۆرۈنگۇدەك.

كۇنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇ كىشى پالتىسىنى باشقا يەردىن تېپىۋاپتۇ. ئۇ، ئەمدى خوشنىسىغا قارىسا، خوشنىسىنىڭ مېڭىش - تۇرۇشى، سۆز - ھەركىتى ھېچبىر پالتا ئوغرىلىۋالغاندەك ئەمەستەك.

**خەلق ماقاللىرى:**

گۇمان ئىماننى قاچۇرۇپتۇ.

ئۆزەڭنى مەھكەم تۇت، خوشناڭنى ئوغرى تۇتما.

**كۆنۈكمە:**

1. بۇ چۆچەكتىن نىمىنى چۈشەندىڭلار؟ سۆزلەپ بېرىڭلار.

2. چۆچەكنى تەپسىلى هالدا قايتا بايان قىلىپ بېرىڭلار.

3. تېكستتىن كېيىنكى خەلق ماقاللىرىنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىڭلار ۋە يادلىۋېلىڭلار.

## 27. نەسرىدىن ئەپەندى لەتىپىلىرى

### كۆزۈك ئاغرىسا، قولۇڭنى تارت

ئەپەندىم تىۋىپلىق قىلىپ ئولتۇرغان كۈنلەردە ئۈنىڭ ئالدىغا كۆزى ئاغرىق بىر كىشى كېلىپ، كۆزىگە داۋا سوراپتۇ. ئەپەندىم ئاغرىققا سەپسېلىپ قارىغاندىن كېيىن:

— ئاغرىقنىڭ يىلتىزى قوساقتا ئىكەن، قوسىقىڭىزدا يىلان پەيدا بولۇپ قاپتۇ، — دەپتۇ.

ئاغرىق تەشۋىشكە چۈشۈپ، ئۈنىڭ داۋاسىنى ئېيتىپ بېرىشىنى سوراپتۇ.

— قولىڭىز بىكار بولسىلا قوسىقىڭىزنى سىلاپ بېرىڭ، — دەپتۇ ئەپەندىم.

ئاغرىق كىشى ئەپەندىمنىڭ ئېيتقىنى بويىچە بىكار تۇرەاي قوسىقىنى سىلاپتۇ. بىر ھەپتىدىن كېيىن كۆزى ياخشى بولۇپ قاپتۇ - دە، يەنە ئەپەندىمنىڭ ئالدىغا كەپتۇ:

— ئەپەندىم، بىر كۆرۈپ بېقىڭـا، كۆ-
زۈممۇ ساقايدى، قوسىقىمدىكى يىلان يوقاپ-
تىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— يىلانمۇ يوقاپتۇ، كۆزىڭىزمۇ سـاقى-
يىپتۇ، كۆزۈڭ ئاغرىسا، قولۇڭنى تارت، دى-
گەن مۇشۇ، — دەپتۇ ئەپەندىم.

## تىرناق يارىسى

بىر كۈنى ئەپەندىم تويغا بېرىپ، ئاچ-
كۆزرەك بىر ئادەم بىلەن بىر يەردە ئولتۇ-
رۇپ قاپتۇ. پولو تارتىلغاندا، ھېلىقى كىشى
دەسلەپ قىلىپ پولونىڭ ئۈستىگە بېسىلغـان
گۆشكە چاڭگال سېلىشقا باشلاپتۇ.

— بۇرادەر، — دەپتۇ ئەپەندىم ھەمرى-
يىغا، — پولو دىگەننى بىر چېتىدىن يەيدۇ.

— ئۈستىدىن يىسە نىمە بولىدىكەن؟ —
دەپتۇ ھېلىقى كىشى نارازى بولۇپ.

— ئۈستىدىن يىسىڭىز پولونى تىرناق
يارىسى قىلىۋېتىدىكەنسىز، — دەپ جاۋاپ بې-
رىپتۇ ئەپەندىم.

**كۆنۈكمە:**

1. تېكستنى ئۈنلۈك، ھېسسىياتلىق ئوقۇشنى مەشق قىلىڭلار.

2. ئەپەندىم نېمە ئۈچۈن كۆزىنى داۋالىتىشقا كەلگەن ئادەمگە «ئاغرىقىڭىز يىلتىزى قوساقتا ئىكەن، قولىڭىز بىكار بولسىلا قوسىقىڭىزنى سىلاپ بېرىڭ» دەيدۇ؟

3. ئەپەندىم نېمە ئۈچۈن ئۆزى بىلەن بىر داستىخاندا ئولتۇرغان ھېلىقى كىشىگە پولونى تىرناق يارىسى قىلىۋەتتىڭىز دەيدۇ؟ ئەپەندىمنىڭ بۇ سۆزىنى سىلەر قانداق چۈشەندىڭلار؟

4. بۇ ئىككى لەتىپىنى ئايرىم-ئايرىم ھالدا قايتا بايان قىلىپ بېرىڭلار.

4. سىلەر قانداق لەتىپىلەرنى بىلىسىلەر؟ ئاۋال سۆزلەڭلار، ئاخىرىدا سۆزلىگەنلىرىڭلاردىن قىسقا، نەمۇنىلىكرەك بىرسىنى يېزىپ چىقىڭلار.

## 28. گۈلبەختەم

گۈلبەختەمنىڭ مەكتەپتە،
ئەلاچى دەپ نامى بار.
ئۆزى كىچىك بولسىمۇ،
ھەممە ئىشقا پەمى بار.

ئۆزى ئىلغار پىئونېر،
تېتىك ھەممە مۇلايىم.
كۆيۈنىدۇ ئۇ بەكمۇ،
دوستلىرىغا ھەر دائىم.

كىچىككىنى ئىنىم دېسە،
چوڭلارنى ئاكام دەيدۇ.
ئۇستازىنى كۆرگەندە،
ھۆرمەتلەپ سالام دەيدۇ.

ئۆرنەك بولار بىزلەرگە،
ئۇنىڭ ھەممە ئىشلىرى.

پاسسىپلىقنى بىلمەيدۇ،
ئىشتا ياز ھەم قىشلىرى.

شۇڭا بىزلەر بەختەمنى،
قەدىرلەيمىز ھامانەم.
بەختەمدەك بولۇش ئۈچۈن،
تىرىشىمىز بىزمۇ ھەم.

كۆنۈكمە:

1. شېئىرنى دېكلاماتسىيە قىلىپ ئوقۇشنى مەشق قىلىڭلار.

2. گۈلبەختەم قانداق قىز؟ ئۇ نېمە ئۈچۈن مەكتەپ بويىچە ئۈلگىلىك قىز بولالىدى؟ بىز ئۇنىڭ قايسى تەرەپلىرىدىن ئۈگىنىشىمىز كېرەك؟

3. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىڭلار ھەمدە ئۇ سۆزلەرنىڭ ھەر بىرىگە بىردىن جۈملە تۈزۈڭلار.

پەم، مۇلايىم، ئۆرنەك، قەدىرلەش

4. بۇ شېئىرنى يادلىۋېلىڭلار.

# 29. نەشپۈت يېيىش

(تەمسىل)

بىر بالا بازارغا بېرىپ، قايتىشىدا بىر سومكا نەشپۈت سېتىۋاپتۇ. ئۇ يول بويى توختىماي نەشپۈت يەپ مېڭىپتۇ، يېرىم يولغا كەلگەندە قورسىقى ناھايىتى قاتتىق تولغاپ ئاغرىپتۇ. بالا نەشپۈتنى جىق يەۋەتكەنلىكىنى ئويلاپ، سومكىسىغا قارىسا، شۇنچە كۆپ نەشپۈتتىن ئاران ئىككى تال قالغىنىنى كۆرۈپتۇ. ئۇ ئۆيگە كېلىپ، نەشپۈتنى دادىسىغا: «يەڭ» دەپ بېرىپتۇ. دادا ئوغلىدىن خۇرسەن بولۇپ، نەشپۈتنى قولىغا ئاپتۇ. لېكىن بالا ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ قاراپ تۇرسا، دادىسى بىر تال نەشپۈتنى ئۆزى يەپ، بىرىنى بوۋىسىغا بەرگەنلىكىنى كۆرۈپتۇ.

شۇ كۈنى كەچتە بالا، بالىنىڭ ئاتا-ئانا، بوۋا ۋە سىڭلىسى جەم بولۇپ تاماق

يەۋاتقاندا بوۋىسى ھىلىقى بىر تال نەشپۈت-
نى ئەكىلىپ پىچاق بىلەن 5 كە بۆلۈپ:
«قېنى، نەشپۈتكە ئېغىز تېگىڭلار» دەپ-
تۇ. بالا بۇ ئىشقا ھەيران قېلىپ:



«بوۋا، ئازغىنا نەرسىنى ئۆزىڭىز يېسىڭىز
بولمامدۇ؟» دەپتۇ. بوۋاي مەنىلىك كۈلۈپ:
«تەڭ يېگەن تەنگە سىڭەر، يالغۇز يېگەن
يەرگە سىڭەر» دەپتۇ. بالا بوۋىسىنىڭ بۇ
ئىشىدىن چوڭقۇر تەسىرلىنىپتۇ ۋە شۇندىن
تارتىپ ھەرقانداق ئىشتا ئۆزىنى ئەمەس،
باشقىلارنى ئويلايدىغان بوپتۇ.

كۆنۈكمە:

1. تېكىستنى پىششىق ئوقۇپ، تۆۋەندىكى سوئاللارغا
جاۋاپ بېرىڭلار.

1) بالا بازارغا بېرىپ، قايتىشىدا نىمە سېتىۋالدى؟ يېرىم يولغا كەلگەندە نىمە ئۈچۈن ئۇنىڭ قوسىغى ئاغرىپ كەتتى؟

2) بوۋىسى ئۆزى يېيىشكە تېگىشلىك بىر تال نەشپۈتنى نىمە ئۈچۈن بەشكە بۆلدى؟

3) «تەڭ يىگەن تەنگە سىڭەر، يالغۇز يىگەن يەرگە سىڭەر» دىگەن تەمسىلدىن نىمىنى چۈشەندىڭلار؟ سۆزلەپ بېرىڭلار.

2. تېكىستنى قايتا بايان قىلىپ بېرىڭلار.

3. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ، ئاستى سىزىلغان سۆزلەرنىڭ ئۇ جۈملىلەردە قانداق مەنە ئىپادىلىگەنلىكىگە ھەمدە ئۇلارنىڭ مەنە ئىپادىلىشىدە پەرق بار - يوقلۇغىغا دىققەت قىلىڭلار.

1) مەن باققا كىرىپ، قىپ - قىزىل پىشقان ئالمىلارغا ئېغىز تەگدىم.

2) مەن باققا كىرىپ، قىپ - قىزىل پىشقان ئالمىلارنى يىدىم.

4. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىڭلار ھەمدە ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە بىردىن جۈملە تۈزۈڭلار.

خۇرسەن بولۇش، مەنىلىك كۆلۈش، چوڭقۇر تەسىرلىنىش

# *30. سالامنىڭ سەۋىۋى

(چۆچەك)

بۇرۇن ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق بىر ئادەم ئۆتكەن ئىكەن. بىر كۈنى ئۇ ئوغلى بىلەن يولدا كېتىۋاتسا، ئاپپاق ساقاللىق بىر بوۋاي ئۇچراپتۇ. ئاتا ـ بالا قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ، ئېگىلگەن هالدا بوۋايغا سالام بېرىپتۇ. بوۋاي ئۇلارنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئېلىپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ.

ئۇلار يەنە يولىنى داۋاملاشتۇرۇپ، بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن، ئالدىغا بىر يىگىت يولۇقۇپتۇ.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! — سالام بېرىپتۇ ئاتا يىگىتكە هۆرمەت بىلدۈرۈپ، يىگىتمۇ سالامغا سالام بىلەن جاۋاپ قايتۇرۇپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ. يىگىت ئۇزاپ كەتكەندىن كېيىن ئوغۇل ئاتىسىدىن:

— سەن ماڭا: «كىشىلەر ئۆزئارا بىر ـ بىرىنى هۆرمەتلەيدىغان بولۇشى لازىم، كىچىكلەر چوڭلارنى كۆرگەندە سالام بېرىپ ئۆتۈشى كېرەك» دەپ نەسىهەت قىلغان ئى-

مدىڭ. بىزگە ھازىر بىر بوۋاي بىلەن بىر يىگىت يولۇقۇپ ئۆتتى، بوۋايغۇ سەندىن چوڭ، يىگىت سەندىن كىچىك تۇرسا سەن نىمىشقا ئۇنى ئۆزەڭدىن چوڭ بىلىپ ئاۋال سالام بىرد-سەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئادەمنىڭ چوڭ - كىچىكلىگى يالغۇز ياش قۇرامى بىلەنلا ئەمەس، بىلىم بىلەن-مۇ ئۆلچىنىدۇ، — دەپ چۈشەندۇرۇپتۇ ئاتا، — «ئەقىل ياشتا ئەمەس باشتا» دىگەن تەمسىل بار، يىگىت مەندىن كىچىك بولسىمۇ، بىلىمى مەندىن كۆپ بولغاچقا ئۇنى ئۆزەمدىن چوڭ بىلىپ ئۇنىڭدىن بۇرۇن سالام بەردىم.

ئوغۇل ئاتىسىنىڭ سۆزىگە قايىل بوپتۇ.

كۆنۈكمە:

1. تېكستنى پىششىق، ھىسسىياتلىق ئوقۇشنى مەشق قىلىڭلار.

2. ئاتا - بالا كېتىۋېتىپ كىملەرگە ئۇچراشتى؟ ئاتا ئۇلارغا قانداق ھۆرمەت بىلدۈردى؟

3. ئاتا بالىسىنىڭ سورىغان سوئالىغا نىمە دەپ جاۋاپ بەردى؟ بەرگەن جاۋاۋى توغرىمۇ؟

4. تېكستنى قايتا بايان قىلىڭلار.

5. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىڭلار ۋە ئاستى سىزىلغان سۆزلەرنىڭ ھەر بىرىگە بىردىن جۈملە تۈزۈڭلار.

ئەدەپ - ئەخلاق، ئىلىك ئېلىش، نەسىھەت قىلىش، قايىل بولۇش، ياش قۇرامى

مەسئۇل تەھرىرى: ئابلەت قاسىم

五年制小学课本

**语 文**

第五册

新疆维吾尔自治区教育厅语文编写组编

（维吾尔文）

*

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى
تىل - ئەدەبىيات دەرسلىكلىرىنى تۈزۈش گۇرۇپپىسى تۈزدى
شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى نەشر قىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 - باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

*

فورماتى: 1092×787 1/32 باسما تاۋاق: 4·125
1984 - يىل 6 - ئاي 1 - نەشرى
1984 - يىل 6 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىرازى: 1 — 168·000
بىرلەشمە نومۇرى: MK7129·1487
باھاسى: 0·24 يۈەن